مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



# مىراس

美拉斯


MIRAS

6
2007

ISSN 1004-3829



مېنىڭ چېۋەر بوۋام-مومام



پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى

# مىراس


قوش ئايلىق ژۇرنال 2007 ـ يىل 6 ـ سان

(ئومۇمي 104 ـ سان)


## دۇنياغا نەزەر


دانىشمەنلەر دانىشگاھى ئەلبۇرۇز قۇچقى ......................

...................................... ئابدۇبەسىر شۈكۈرى (1)


## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا


ئادىمىيەت روھى ۋە ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش ... ۋاڭ مېڭ (18)

فرانسۇزلارنىڭ توي مۇراسىمى ..............................

.............................. مۇھەممەدئىمىن ۋاھىت تەرجىمىسى (72)

تاختىمۇشۇك ......... ئابدۇللا روزى مۇھەممەد تەرجىمىسى (74)

گىتلېرنىڭ ھايات ـ ماماتلىق سىرى ..............................

............................................ م. ۋاھىت (ت) (75)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ياسىنىش سەنئىتىدىن ئۆرنەكلەر

............... يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق، ئىبادەت ئابدۇۋاھىت (30)

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش مەسىلىسى توغرىسىدا ..........

................................................ بەختىيار ئوسمان (55)

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەپنە، نەزىر ـ چىراغ ئادەتلىرى ھەق ـ

قىدە ........................... ئەنۋەر تۇرسۇن، ئاينۇرە دولات (58)





باش مۇھەررىر:

**يۇسۇپ ئىسھاق**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

**تۈزگۈچى:** «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت

Tel: ( 0991) 4554017

Fax: ( 0991) 4554015

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:

CN65 - 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:

ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

پوچتا نومۇرى: 830001

E - mail: mirasuyghur @ 126. com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM

ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040

باھاسى 5.00 يۈەن

تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بىزنىڭ ئۇرانىمىز ـ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت!

## بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز ـ ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت!

ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرى توغرىسىدا ......................................... يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق (62)
مېۋە قۇرۇتۇش ..................... بۇمەريەم شېرىپ خۇشتار (78)

### ئىللەت تۈزەلمىگىچە مىللەت تۈزەلمەس

كامالەت مەنزىللىرى ..................... تەييارلىغۇچى: ئەزىزى (47)

## 主 要 目 录

智者之源—艾黎布鲁孜湾 ………………………… 阿不都拜斯尔・许库里 (1)
《突厥语大辞典》中的装扮艺术 …………………………………………
……………… 雅尔买买提・塔依尔・图合卢克、依巴代提・阿不都瓦依提 (30)
论维吾尔姓氏 …………………………… 尤努斯・依里亚斯・伊地库提卢克 (62)
完美的归宿 ……………………………………………… 刊布者：艾则孜 (47)
论传统文化的保护问题 ……………………………… 拜海提江・乌斯曼 (55)
吐鲁番维吾尔的丧葬，乃孜尔习俗… 艾尼瓦尔・图尔逊、阿依努热・杜拉提 (58)
人文精神与社会发展 ……………………………………………… 王蒙 (18)

مۇقاۋىنى ئەزىزە تۇيغۇن لايىھىلىگەن، مۇقاۋىدىكى سۈرەتنى پولات ئابدۇكېرىم خوجا تارتقان.
تەكلىپلىك كوررېكتور: هاۋاخان ئارىپ

Chief editor: Yusup Is'haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Muhtar Muhammed

**«مىراس» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەر بارلىق ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەرگە قۇربان ھېيتلىق سالام يوللايدۇ!**

**我们要抢救传统文化**

**我们要保护传统文化**

**我们要弘扬传统文化**

主编：
玉素甫・依莎克
副主编：
穆合塔尔・穆罕默德
责任编辑：
穆合塔尔・穆罕默德

主管：新疆维吾尔自治区文学
艺术界联合会
编辑：《美拉斯》杂志社（乌市友好
南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017
传真：(0991)4554015
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：
ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: " Miras" (Heritages) editorial department
716# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65－1130/I
Print number abroad: ISSN1004－3829
PostCode : 58 － 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Fax: (0991) 4554015
Price: 5¥



# دانىشمەنلەر دانىشگاھى
# ئەلبۇرۇز قۇچىقى

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى

پىكىرداش دوستىمىز پروفېسسور دوكتور زەمىر سەيد-
دۇللازادە ئەپەندىنىڭ ۋاستىچىلىكى ۋە ئىران ئىسلام
جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى-
نىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى ئاغاجارى ئەپەندىنىڭ
تەكلىپى بىلەن ئۈچىيلەن — ئارسلان ئابدۇللا ئەپەندى،
زەمىر سەيدۇللازادە، مەن ئىرانغا بىر ھەپتىلىك زىيارەتكە
بارماقچى بولدۇق. قەدىمىي مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن
بىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈرك مەدەنىيتى بىلەن قوشكې-
زەك مەدەنىيەت ھالقىسىنى ياراتقان پېرسىيە سەپىرى
بىزنى چەكسىز ھاياجانلار قۇچىقىغا تاشلىغانىدى. تارىخ-
تىن بۇيان بىزنىڭ ئەپسانە- رىۋايەتلىرىمىزدە پارس-
تاجىك مىغلىرى، پارس- تاجىك قىسسىلىرىدە تۈركىي
خەلقلەر مىغلىرىنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ماگا
بۇرۇندىن ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ھاياتىي كەچ-
مىش يېقىنلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ ئۈلگۈرگەنىدى. كۆر-
گەن كىتابلىرىمدىكى بۇ قەدىمىي زېمىن ھەققىدىكى با-
يانلار خىياللىرىمنى لەھزە پەرۋاز قىلدۇرۇپ ئوتتۇرا

شەرقتىكى بۇ ھېكمەتلىك ماكانغا يەنى ھەيۋەتلىك ئەلبۇ-
رۇز تاغلىرى ئېتىكىدىكى ئاجايىپ رىۋايەتلەر شاھىدى
تەمكىن تېھرانغا، كلاسسىكلىرىمىز ھەمىشە سۆيۈنۈپ تۇ-
رۇپ زىكرى قىلىدىغان گۈزەل تەبرىز ۋە ئەرزۇرۇمغا؛
قەدىمدىن كەچمىشلەر كېمىلىرىنى ئارامسىز لەيلىتىپ كې-
لىۋاتقان ترابزون- قارا دېڭىزغا؛ ياۋرو- ئاسىيا چوڭ
قۇرۇقلۇقىنىڭ تولىمۇ خاسىيەتلىك كۆرىكى ئاناتولىيە ھەم
مارمارا، ئىگەي بويلىرىغا؛ ئەرەب زېمىنلىرى بىلەن ئىران
زېمىنىنى ئايرىپ تۇرىدىغان كارامەتلىك باسرا بوغۇزىغا
ۋە پارس قولتۇقى قىرغاقلىرىغا، ھەتتا ئۆز قۇچىقىدا ئۆل-
مەس مۇتەپەككۇرلارنى يېتىشتۈرگەن ھەمدە بۇگۈنگىچىلا
«مەدەنىيەت شەھىرى» دەپ تەرىپلىنىدىغان شەھىرى
شىرازغا قوندۇرغانىدى. مانا بۇ زېمىنلار دۇنيا مەدەنىيەت
تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز روللارنى ئوينىغانىدى. شەرق بى-
لەن غەرب مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا ئۇچراشتۇرىدىغان قەدى-
مىي يىپەك يولى ئىران ئېگىزلىكلىرىگە كەلگەندە ئۈچ
تارماق يولغا بۆلۈنەتتى. بۇ ھال مەركىزى ئاسىيا (رايو-




ئاپتور ئارسلان ئابدۇللا ۋە شەمسايى ئەپەندىلەر بىلەن 2500 يىل ئىلگىرىكى ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ ئوردا خارابىسىدا

نىمىز) دىكى بىلەن تامامەن ئوخشايدۇ. يىپەك يولىنىڭ ئىران ئېگىزلىكىدىكى مەدەنىيەت مەركىزى بولغان شەھەرلەر دەل يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان شەھەرلەر ئىدى. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى ئويغىنىش دەۋرىگە بەك قەدىمىي زامانلاردا ئەنە شۇ مەدەنىيەت يوللىرى ئارقىلىق ھامىلە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا (ئەلۋەتتە ئوتتۇرا شەرقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) بۈيۈك ئويغارلىق مەركىزىگە ئايلاندى. تولىمۇ چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەكتەپلەرگە ۋە بىلىم، سەنئەتكە ھايات ئاتا قىلغان مۇقەددەس زېمىن مانا شۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدى. زاردوشت بىلەن مانى مانا شۇ تۇپراقلاردا تۇغۇلغان. ھىندى بۇددىزمى بىلەن ئېلىنىزم مۇشۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرلىشىپ جاھانغا مەشھۇر يۇنان ـ بۇددا سەنئىتىنى روياپقا چىقارغان. قەدىمكى سوغدىيانا، قەندىھار، مەشھەد، مەرۋ، خارەزىم، سەمەرقەند، كاشغەر، ئۇدۇن، كۇسەن، ئاگنى، ئىدىقۇت ۋە دوخانەك (دۇنخاڭدەك) نۇرغۇن ـ نۇرغۇن مەدەنىيەت مەركەزلىرى دەل ئەنە شۇنداق بىر مەنىۋى دۇنيانىڭ زاكالتى ئەمەسمىدى؟! يەنە تېخى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ يېتۈك بىلگىنى ئەل بىرونى، يېگانە ئۇستاز ئىبنى سىنا، ئىرانلىق تۇنجى مەشھۇر شائىر رۇداكى، تەڭداشسىز شاھانە ئەسەر «شاھنامە»نىڭ مۆھتەرەم مۇئەللىپى بۈيۈك شائىر فىردەۋسى، جاھان نوجۇم ئىلمىنىڭ ئەڭ كاتتا بىلگىنلىرى ئەل خارەزمى ۋە ئۇلۇغبېك كەبى، خۇددى ئاسماندىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلاردەك كۆپ ئالىملار دەل ئاشۇ ئويغىنىش ئاسمىنىنىڭ كۆركى ئەمەسمىدى؟...

خىياللىرىم ئاجايىپ پارلاق مەدەنىيەتلەرنىڭ تارىخى يېزىلغان سەھىپىلەرگە، ئىنتايىن سەلتەنەتلىك كەچمىشلەر بەتلىرىگە ئاغاتتى...


تەشنالىق بىلەن كۈتكەن كۈنلىرىمىز ئاخىر يېتىپ كەلدى. بىز زەمىر ئەپەندى ئىككىمىز 2006 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سائەت 4:10 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭ پايتەخت ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدۇق. بىزنى ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ شوپۇرى ئابدۇللا (جۇڭگولۇق خەنزۇ بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا خاس ئىسىم قويۇۋالغان) ئىسمىلىك 47 ـ 48 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇ ئەلچىخانىنىڭ ئالاھىدە نومۇرلۇق ماشىنىسىنى توسالغۇسىز تېز ھەيدەپ 40 مىنۇتتىلا بىزنى جۇڭگو سىياسىي كېڭەش مېھمانخانىسىغا يەتكۈزدى ۋە ئۈچىمىزنىڭ ۋىزا ئېلىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ، پاسپورتلىرىمىزنى ئېلىپ ئەلچىخانىغا قايتتى. ئارسلان ئابدۇللا ئەپەندى بىر مۇھىم يىغىن سەۋەبلىك پاسپورت ۋە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلىرىنى بىزگە تاپشۇرۇپ، بىزدىن بىر كۈن كېيىن بېيجىڭغا كەلمەكچى بولغانىدى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى يېقىن بۇرادىرىمىز ئەركىن ئارىز بىزگە ئالدىن بېكىتىپ قويغان 307 ـ نومۇرلۇق ياتاققا چۈشتۇق. 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، بىزنىڭ بېيجىڭدىكى بىر كۈنلۈك تەييارلىق كۈنىمىز ئىدى. بىز بەزى تەييارلىقلىرىمىزنى قىلغاچ ئارسلان ئابدۇللا ئەپەندىنى كۈتتۇق. چۈشتىن كېيىن زەمىر ئەپەندى بىلەن تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا باردۇق. ئەسلىدە زەمىر ئەپەندى تاجىكىستانغا



ئاپتور جەمشىد قەسرىدىكى 2500 يىل ئىلگىرىكى قاپارتما تام سۈرەتلىرى ئالدىدا

چىقىدىغان ئىككى تاجىك تۇغقىنىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئىككى پاسپورتقا ۋىزا ئالماقچى ئىدى. بىز ئەلچىخانا رايونىغا كېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەقىل دۆلەتلەر ئەلچىخانا قورۇسىغا كىردۇق. دەرۋازىدىن كىرىپلا ئوڭ قول تەرەپتىكى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چىرايلىق ئۈچ قەۋەتلىك ئەلچىخانا بىناسى ئالدىغا كەلدۇق. زەمىر ئەپەندى خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندەك سالماق ھالدا ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى، ھايال ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ بەستلىك بىر ياش يىگىت چىقىپ كەلدى. زەمىر ئەپەندى ئۇنىڭ بىلەن قىسقا سالاملىشىپ تاجىك تىلىدا ئۆز مۇددىئاسىنى ئېيتتى، مەن چالا ـ بۇلا چۈشىنىپ تۇردۇمكى، ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگولۇق تاجىك ئىكەنلىكىنى، جۇڭگونىڭ ئۇزاق غەربىدىن تاجىكىستانغا چىقىش ۋىزىسى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى دېدى. ئەلچىخانا خادىمى ھېلىقى تاجىك يىگىت بىز بىلەن قايتىدىن قىزغىن كۆرۈشتى ۋە بىزگە ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئىچكىرىدىكى بىر كىچىككىنە ۋە ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇ بىزگە چاي قۇيدى، بىز چايلارنى ئىچىپ بولغىچە ئۇ مۇناسىۋەتلىك ئىشخانىلارغا كىرىپ ۋىزىنى تەقلەپ بولدى. مەن بۇ يىگىتنى زەمىر ئەپەندى بىلەن تونۇش ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. بىز بىر سائەتكە قالماي ۋىزىنى ئېلىپ ئەلچىخانىدىن چىقىپ بولدۇق. تاكسىدا مېھمانخانىغا قايتقىچە زەمىر ئەپەندى مەندىن سورىدى:

— ئابدۇبەسىر ئەپەندى، نېمە بولدى خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟



ئاپتور تېھراندىكى ئىرانشۇناسلىق مەركىزى ۋە تىل ـ ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى قورۇسىدا



ئارسلان ئابدۇللا ۋە زەمىر ئەپەندىلەر ئەينى خارابىلىقتا

— سىز بۇ ئەلچىخانىدىكىلەر بىلەن كونا تونۇشلاردىن ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن خىيالىمدىن ئويغىنىپ.

— ياق، تونۇشمايمەن. ئەمما بىز بىر مىللەت، بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى ئەمەسمۇ...

مېنىڭ خىياللىرىممۇ نەق مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىدى. راست، ئىنسان ئۈچۈن قانداشلىق ۋە تىلداشلىق تولىمۇ قىممەتلىك ۋە خاسىيەتلىك ئەنگۈشتەرلەر ئىكەن. بۇ ئەنگۈشتەرلەر دىلداشلىققا باشلايدىكەن. شۇ تاپتا قاچانلاردىدۇر خاتىرەمگە يېزىپ قويغان مۇنۇ گەپلەر ئېسىمدىن كەچتى.

ئىنسانچۈن ئۇلۇغدۇر ھامان قانداشلىق،
مۆمىنگە مۇقەددەس ئىمان قانداشلىق.
مىڭ جەننەت قۇچىقى بۇ پانىي ئالەم،
جەننەتنىڭ ئىشىكى شۇ تۇغقانداشلىق....

شۇ كۈنى كەچتە ئارسلان ئابدۇللا ئەپەندى بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. بىز ئىران سەپىرىنىڭ تەييارلىقلىرىنى تولۇق پۈتكۈزۈپ بولدۇق.

8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، سانجاق ئادەم ۋە ساناقسىز ئاپتوموبىللارنىڭ دەستىدىن ھاۋاسى بۇلغانغان بېيجىڭ شەھىرى بۈگۈن خېلى ئوچۇق چىراي بىلەن بىزنى كۈتۈۋالدى. چۈشتىن كېيىن دېيىشكىنىمىز بويىچە يۈك-تاقلىرىمىزنى ئېلىپلا ئىران ئەلچىخانىسىغا باردۇق. ئالدىمىزغا ئىران ئەلچىخانىسىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى ئاغاجارى ئەپەندى ئۆزى چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە بىزگە ئالاھىدە تەكەللۇپ كۆرسىتىپ ئەلچىخانىنىڭ ئىران ئۇسلۇبىدىكى كۆركەم ۋە پاكىز بىناسىغا باشلىدى. بىنانىڭ



ئارسلان ئابدۇللا ۋە زەمىر ئەپەندىلەر دېكخۇدا لۇغەتنامىسىدا

ئۈستىدە ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى.

ئەلچىخانىنىڭ مېھمان كۈتۈشخانىسىدا ئاغاجارى ئەپەندى بىزگە ئىراننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئۈمىدۋار كەيپىياتتا مۇنداق دېدى:

— سىلەرنىڭ ئىراندىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنى زىيارەت قىلىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇشۇڭلار ۋە دەسلەپكى قەدەمدىكى بەزى ئىلمىي ھەمكارلىقلارنى ئورنىتىشىڭلار تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولىدىغان بولدى. قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئورنىتىش تولىمۇ مۇھىم. ھازىر جۇڭگو ـ ئىران مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى، سىلەرنىڭ رايونىڭلار بىلەن ئىران قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتىدە بەك مۇھىم روللارنى ئوينىغان. بۇ قېتىم بېرىپ ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرسەڭلار تېخىمۇ نۇرغۇن مەدەنىيەت ئورتاقلىقلىرىنى ھېس قىلىشىڭلار مۇمكىن. مەن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتۈۋاتىمەن. بىزنىڭ ئىشلىرىمىز پەقەت زىيارەت بىلەنلا ئاخىرلىشىپ، ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى، ئەمەلىي نەتىجىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن... يەنە بىر ئىش، بۇ سىلەرنىڭ پاسپورتلىرىڭلار، مانا بۇ ئىرانغا بېرىپ ـ كېلىشنىڭ ئايروپىلان بېلىتى. ئەمما قاتار ھاۋا يوللىرىدىن ئىران ھاۋا يوللىرىغا ئالمىشىدىغان بولدۇڭلار. سەۋەب، ئىراننىڭ بېيجىڭ ـ تېھران «ھەۋا پەيمانى» ھاۋا يوللىرىنىڭ بېلىتى يوق ئىكەن، سىلەر قاتارنىڭ پايتەختى دوخادىن تېھرانغا ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا ئالمىشىسىلەر. ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا كېلىپ ـ كېتىشنىڭ يول كىراسىنى سىلەر ئىراندىن قايتىپ كەلگەندە بېرەيلى، چۈنكى، ئۇ پۇل سىلەرگە ئىراندا كېرەك بولمايدۇ، نەق پۇلنى ياندا ئېلىپ يۈرۈشمۇ ئەپسىز....

زەمىر ئەپەندى ئاغاجارىنىڭ سۆزلىرىنى جۈملىمۇ جۈملە دېگۈدەك بىزگە تەرجىمە قىلىپ تۇردى. بىز دوخادىن ئايروپىلان ئالمىشىدىغان گەپنى ئاڭلاپ ئارسلان ئەپەندى ئىككىمىز تەڭلا بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتۇق. بۇ قارىشىشقا «نېمە ئۈچۈن بېيجىڭدىن ئىرانغا بىۋاسىتە ئۇچمايمىز؟ قاتار دېگەن پارس قولتۇقىدىكى بىر ئەرەب دۆلىتىغۇ، دوخا سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى رىيادنىڭ يېنىغۇ، بىكاردىن نېمىشقا زىيادە يول يۈرىمىز؟»... دېگەن نۇرغۇن مەزمۇنلار يوشۇرۇنغانىدى. بىزدىكى بۇ تەئەججۈپنى زەمىر ئەپەندى تەرجىمە قىلىۋاتقاندا چۈشەندى بولغاي، ئاغاجارىدىن سەۋەبىنى تەھقىقلەپ سورىدى.

— ئەندىشە قىلماڭلار قاتار ھاۋا يوللىرى ناھايىتى ياخشى ھەم بىخەتەر، — دېدى ئاغاجارى ئەپەندى بىزگە قايتا چۈشەندۈرۈپ، — ئىران ئاۋئاتسىيىسىنىڭ بېلىتىنى



ئاپتور تېھراندىكى ئىرانشۇناسلىق مەركىزى ۋە پارس تىل ـ ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى قورۇسىدا

ئالىمىز، دېسەك سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلار يار بەرمەيدۇ. بىزمۇ
ئادەتتە ئىرانغا بېرىپ ـ كېلىشتە دوخا بىلەن ماڭىمىز.
ئەمدى پەقەت ئارىلىقتا ئايروپىلان ئالماشقىچە، بىر نەچچە
سائەت ساقلاپ قالىدىغان بولدۇڭلار...

ئىران ئەلچىخانىسىدا بىرەر سائەتتەك سۆھبەتلەشـ
كەندىن كېيىن ئاغاجارى ئەپەندى بىزنى سەپەردىن ئىلـ
گىرىكى تاماققا تەكلىپ قىلدى. بىز ئەلچىخانىدىن ئانچە
يىراق بولمىغان «بابىل رېستورانى» (بېيجىڭدا يۇرتـ
لۇقلىرىمىز ئاچقان رېستوران)غا بېرىپ يەنە بىرەر سائەت
تاماقلانغاچ مۇڭداشتۇق. ئاندىن يەنە ھېلىقى «ئابدۇللا»
دەپ ئىسىم قويۇۋالغان خەنزۇ شوپۇر بىزنى بېيـــجىــڭ
خەلقئارا ئايرودرومىغا ئەپچىقىپ قويدى.

بىز كېچىلەپ 10 سائەتتىن ئارتۇق يول يۈرگەندىن
كېيىن 19 ـ چېسلا كۈنى تاڭ ئەمدىلەتتىن يورۇشقا باشلىـ
غاندا دوخا خەلقئارا ئايرودرومىغا چۈشتۇق. بىز چۈشكەن
ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارنىڭ %90 ى جۈڭگولۇق ئىشـ
لەمچىلەر ئىدى. ئۇلار ئىش ئىزدەپ دۇبەي، دامما، خايـ
مان قاتارلىق شەھەرلەرگە ماڭغانىكەن. شۇڭا بىز قاتار
دۆلەت تاموژنىسىدىن كىرگىچە خۇددى بېيـــجىــڭ يــاكى
شاڭخەي ئايرودرومىدىن چىققاندەكلا تۇيغۇغا كېلىشتۇق.

بىلىشىمىزچە، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىغە، شۇنـ
داقلا پېرىتسىيە (ئىران) قولتۇقىغا جايلاشقان بۇ كىچىكـ
كىنە دۆلەت ئارانلا 11 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارـ
تۇقراق تېررىتورىيىگە ئىگە. يەر مەيدانىنىڭ كۆپ قىسمىنى
قۇملۇقلار ئىگىلەيدۇ، ئىقلىمى ناھايىتى قۇرغاق، ھۆل ـ
يېغىن مىقدارى تۆۋەن. ئاھالىسى 620 مىڭ بولۇپ، %40ى
ئەرەبلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پارســلار، ئــوردولار،
ھىندىلار ۋە بىلوجى قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدۇ. دۆلەت




شىرازدىكى قەدىمكى جامە



شىراز ئۇنىۋېرستېتى پروفېسسورى فەخە خانىم

تىلى ئەرەب تىلىدۇر. بۇ زېمىنلار 1871 ـ يىلى ئوسمانلى
ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان، 20 ـ ئەســرنــىڭ
باشلىرىدا ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدە بولغان، 1971 ـ يىل 9 ـ
ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مۇستەقىل بولغان. 1971 ـ يىلىدىن باشـ
لاپ نېفتنى ئاساسىي بازا قىلغان ھالدا ئىقتىسادىي ئىگىـ
لىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ بۇگۈنگە كەلگەندە مەملىكەت
ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 17 مىليارد 500
مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇـ
مىي قىممىتى 14 مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا
يەتكەن.

بىز دوخا ئايرودرومىدىن چىقتۇق، ئادەتتە ئوتتۇرىچە
تېمپېراتۇرىسى 40℃ ئەتراپىدا بولىدىغان بۇ ئارال دۆلىتى
بۇگۈن ھەددىدىن زىيادە تىنجىق ئىسسىق ئىدى. پەردـ
زىمچە، بۇ تېمپېراتۇرا55℃ تىن يۇقىرى بولسا كېرەك،
بىز ئۆزىمىزنى گويا قاسقانغا دۈملەپ قويۇلغاندەك ھېس
قىلدۇق. تاڭ يورۇش ئالدىدىكى ھاۋا مۇشۇ بولسا، كۈن
چىققاندا نېمە بولۇپ كېتەر، دەپ ئويلىدىم. ئىسسىق كىـ
يىملىرىمىزدىن بېگىزدەك سانجىپ ئۆتەتتى. ئــايــرودروم
زالىدىن چىققان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى چاققانلىق بىلەن
تاكسىلارغا چىقىشتى، بەزىلىرى باشقا لىنىيىلەرگە ئالمىـ
شىش زاللىرىغا كىرىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.
باشلىرىغا ياغلىقلىرىنى مەھكەم ئوراشقان، ئــۇزۇن ئــاق
كۆڭلەك كىيىپ قارا كۆزەينەك تاقىۋېلىشقان، پۇتلىرىــغــا
ساپما ئاياغ كىيىۋالغان ھەبەش چىراي ئەرەبلەر ئاندا ـ
ساندا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى. ئەمما ئۇلارمۇ
ئىسسىقنىڭ دەستىدىن سىرتتا تۇرالمايتتى. مــەن ئــۆزۈم
تۇرپاندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانمەن، ئۆزۈمنى ئىسسىقــقــا



داڭلىق شائىر ۋە تىلشۇناس دېكخۇدانىڭ شام ھەيكىلى

چىدايمەن، دەپ يۈرىمەن. ئەمما مۇنۇ ئىسسىققا مەنمۇ چىدىمىدىم. بۇ يەردىن تېھرانغا ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ ۋاقتىغا يەنە بىر نەچچە سائەت بار ئىدى. شۇڭا بىز دەرھال كەينىمىزگە يېنىپ مۇزلىتىش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان ئايرودروم زالىغا كىرىپ كەتتۇق. چۈشكە يېقىن ئارسلان ئەپەندى ئايرودروم بىناسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئەرەب مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بىر بىنانىڭ ئالدىدا بىر پارچە خاتىرە سۈرەتكە تارتىپ قويۇشۇمنى تەۋسىيە قىلدى. ئىككىمىز قايناۋاتقان قازاندىكى قاسقانغا يەنە كىردۇق. ئەمما نەچچە يۈز مېتىر يىراقتىكى بىنانىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىشقا ماجالىمىز يەتمىدى، شۇنداق قىلىپ يولنىڭ يېرىمىدىلا بىر نەچچە پارچە سۈرەتكە چۈشتۇق. ئاپپاراتلارنى قېپىغا سېلىپ بولۇپ قارىسام ئارسلان ئەپەندى كۆرۈنمىدى. ئالدى ـ كەينىمگە قاراپ باقتىم، ھېچ ئىنسان كۆرۈنمەيدۇ. پەقەت يولدا ئاندا ـ ساندا ماشىنىلار ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ئامالسىز ئايرودروم زالىغا قايتىپ كىردىم، قارىسام ئارسلان ئەپەندى بېشىنى قاماللىغىنىچە ئولتۇرۇپتۇ.

— مېنى تونۇردا تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كىرىۋاپسىز ـ دە، — دېدىم مەن ئۇنى تېپىۋالغىنىمدىن خۇشال بولۇپ.

— چىدىمىدىم، ئىسسىق مېڭەمنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى، نېمىدېگەن ئىسسىق يەر بۇ. بۇ يەردىكى ئادەملەر قانداقمۇ چىدايدىغاندۇ... لېكىن ھەقىقەتەن باي دۆلەت ئىكەن بۇ. قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ، نامرات ئادەم كۆرۈنمەيدۇ — دېدى ئارسلان ئەپەندى قولىنى پېشانىسىدىن ئېلىپ.

راست، بۇ دۆلەتنىڭ مۇنۇ خەلقئارا ئايرودرومىغا، پۇقرالىرىنىڭ ماشىنىلىرىغا، كىيىم ـ كېچەكلىرىگە قاراپمۇ ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئەتراپىدا ھېچبىر يېشىللىقنى كۆرگىلى بولمايدىغان دوخا ئايرودرومى بىلەنمۇ ئاخىر خوشلاشتۇق. مەن ئايروپىلاننىڭ دېرىزە تەرىپىدە ئولتۇرغانىدىم، ئايروپىلان يەردىن كۆتۈرۈلۈپ ئىران تەرەپكە ئۇچقاندا كۆردۈمكى، دوخا شەھەر ئەتراپى پۈتۈنلەي دېڭىزدەك قۇملۇق ئىدى. ئۇزاق ـ ئۇزاقلاردا بىرەر پارچىدىن يېشىللىقمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇ خورمىزارلىق بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم مەن. چۈنكى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا جۇغراپىيە مۇئەللىمىنىڭ بۇ دۆلەتتە خورما چىقىدىغانلىقىنى سۆزلىگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ئۈچ سائەتكە يېقىن ئۇچۇپ ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېھراندىكى خەلقئارا ئايرودرومى مېھراباد ئايرودرومى (فەرۇدگاھى مېھراباد)غا چۈشتۇق. ئۇزاقتىن بۇيان بىر كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ كەلگەن ئوتتۇرا شەرقتىكى بۇ مەدەنىيەت ئوچىقىغا ئاخىر يېتىپ كەلدۇق. ئالدىمىزغا بىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەدەنىيەت ـ مائارىپ مىنىستىرلىكىدىن ئوتتۇرا بوي، قىسقا ساقاللىق، پارسلارغا خاس چوڭ كۆزلۈك شەمسايى ئەپەندى چىقىپتۇ. ئۇ خۇددى كونا تونۇشلاردەك يىراقتىنلا بىزگە سەممىمىي دوستلۇق قۇچاقلىرىنى ئېچىپ كەلدى:

— دوستى ئەزىزىم، سەلام ئەلەيكۇم، — دېدى ئۇ ئۇچىمىزگە تەكشى قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېيىشتۇق بىزمۇ ئىھتىرام



مېھمانلار شىراز ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆھبەتتە

بىلەن. ئۇ ھەر بىرىمىز بىلەن قۇچاقلىشىپ، مەڭزىنى مەڭزىمىزگە يېقىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن سورىدى:

ــ ئەھۋالى شەما چەتۇر ئەست؟

ــ مۇتەشەككىرەم، ما خوب ھەستيم.

(ــ ئەھۋالىڭلار قانداق؟

ــ مەرھەمىتىڭىزدىن ئەھۋالىمىز ياخشى).


بىز پارسچە بىلمىگەچكە زەمىر ئەپەندى ئۇچىمىزگە ۋاكالىتەن جاۋاب بەردى. ئەمما جۈملىدىكى بەزى بىزگە تونۇش بولغان سۆزلەردىن بىز گەپنىڭ قايسى مەزمۇندا كېتىپ بارغىنىنى ھېس قىلىپ تۇراتتۇق. شەمسايى ئەپەندى ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

ــ مەن شەمسايى ئەست... (مەن شەمسايى بولىمەن).

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلەيدىغان ئورنىنى ۋە ئىراندا بىزنى كۈتۈشكە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. زەمىر ئەپەندى بىزنى ھەم ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى. بىز ئايرودرومدىن چىقىپ بىز ئۈچۈن تەييارلانغان ماشىنىغا چىقتۇق ـ دە، تېھران شەھەر ئىچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. شەمسايى ئەپەندى چىقشقاق كىشى ئىكەن، ئۇ زەمىر ئەپەندىدىن سەپەر جەريانىدىكى ئەھۋاللارنى، بولۇپمۇ قاتاردا ئايروپىلان ئالماشقىچە رىيازەت چەككەن ـ چەكمىگەنلىكىمىزنى سوراپ ماڭدى. ئارسلان ئەپەندى ماشىنىدىن سىرتقا قاراپ خىياللارغا پاتقىنىچە ئولتۇرۇپتۇ. مەن «دەھشەتلىك تېھران» دىكى تەسۋىرلەرنى ئەسلەپ ئۇزاقلارغا قارىدىم. بۇ چۆل بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى چۆللەرگە ئوخشايتتى. ھەتتا ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە كۆكىرىپ تۇرغان ئوت ـ چۆپلەرمۇ بىزنىڭ گىياھلارغا ئوخشايدىغاندەك تۇرىدۇ.



دانشگاهی شرازنىڭ پروفېسسورى فەرەھمەند خانىم



ئاپتور مۇسەللە باغچىسىدىكى قەسىردە

چۆللەردە ئۆسىدىغان گىياھلارنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش بولامدىكىن ـ يا؟...

بىر كۆرۈشنى ئىستەك قىلغان ئىرانغا مانا ئاخىر كەلدۇق. ئىران ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتمەكتە ئىدى.

ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم دۆلەت. ئۇ شىمالدا تۈركمەنىستان، كاسپىي دېڭىزى، ئەزەربەيجان، ئەرمېنىيە قاتارلىق جايلار بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربتە تۈركىيە، ئىراق بىلەن، جەنۇبتا ئەرەب دېڭىزى ـ پارس قولتۇقى بىلەن قوشنا. شەرقتە پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يەر كۆلىمى 645 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 63 مىليوندىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پارسلار %62 نى ئىگىلەيدۇ، قالغان %48 نى باشقا مىللەتلەر ئىگىلەيدىغان بولۇپ نوپۇسى كۆپرەكلىرى ئەزەربەيجان (شەرقىي ئەزەربەيجان ۋە غەربىي ئەزەربەيجان) ئۆلكىسىدىكى ئەزەرلەر (20 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە)، تۈركمەن (كوپېت تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا، مەزاندىرانىنىڭ شەرقى بىلەن خۇراساننىڭ شىمالىدىكى بوزقىرلاردا ياشايدۇ)لار (1.5 مىليوندىن ئوشۇق نوپۇسقا ئىگە) ۋە كاشگاي، كورت، قازاق قاتارلىقلاردۇر. ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدىكى %99 تىن ئارتۇق ئاھالە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى شىيە جافەرى مەزھىپىدە. ھاۋاسى قۇرغاق، تاغ ۋە ئېگىزلىكلەر نىسبىتى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %90 نى ئىگىلەيدۇ. شىمالدا ئەلبۇرۇز تاغ تىزمىلىرى، جەنۇبتا زاگروس تاغ

MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



تىزمىلىرى بىلەن كۆھرۇد تاغ تىزمىلىرى، شەرقتە جەئىن تاغ تىزمىلىرى بار. شۇڭا ئىران ئاساسەن ئېگىزلىك دۆلىتىدۇر. ئىراننىڭ دۆلەت ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 83 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 40 مىليارد 570 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىرانىي تىللار ئائىلىسى ئىككى چوڭ تىل گۇرۇپپىسىنى، يەنى شەرقىي ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسى بىلەن غەربىي ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرقىي ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسى پۇشتۇ (ئابغان) تىلى، ئاسەتىن، ياغناب ۋە پامىر تىللىرى (پامىر تىللىرىغا شوغنان، ۋاخان، ساگلىچى، يازغۇلام، ئىشكاشىم، زەباكى، مۇنجان تىللىرى تەۋەدۇر)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەربىي ئىران تىللىرى پارس تىلى، تاجىك تىلى، بالۇچى تىلى، كورت تىلى، كاسپى دېڭىز بويىدىن (گىلان، مازاندىران، سېمنان، تالىش، تات تىللىرى)دىكى بەزى تىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، بۈگۈنكى پارس تىلىمۇ دۇنيادىكى چوڭ تىللارنىڭ بىرىدۇر....

خىياللار قۇچىقىدا بىر سائەت ئۇچتۇپ كەتكىنىنى بىلمەپتىمەن. ماشىنا تېھران شەھىرىنىڭ سەل شىمالىغىراق جايلاشقان «ئازاد مېھمانخانىسى» (مېھمانساراي ئازاد) ناملىق كاتتا بىر مېھمانسارايىنىڭ ئالدىدا توختىدى. بىز مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن شەمسايى ئەپەندىنىڭ ھەمراھلىقىدا مۇشۇ مېھمانساراي بىناسىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى رېستورانغا كەچلىك تاماققا چىقتۇق. بىزنى ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ سابىق مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى سابىقى ئەپەندى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىز كونا تونۇشلاردىن ئىدۇق. ئۇ جۇڭگودىكى ۋاقتىدا بىز بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشكەن. ئۇ ھەتتا بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلارغىمۇ كەلگەن. ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك، قاشلىق ۋە قاڭشارلىق سابىقى ئەپەندىنىڭ كۆزلىرىدىن زېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەڭ دەسلەپتە بىزنى ئىرانغا تەكلىپ قىلغان كىشى دەل مۇشۇ ئادەم ئىدى. قەلبىگە نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلەرنى پۈككەن بۇ ئەپەندىمۇ بىز بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ،



جەمشىد قەسرى تام سۈرەتلىرى

بىزنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە كەلگەنلىكىمىزدىن تولىمۇ خۇرسەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

چوڭ زال. پاكىز ۋە ئازادە رېستوران. ئېرىراقتا بىزدىن باشقا پەقەت ئىككى ئۈستەللىكلا مېھمان تاماقلىنىۋېتىپتۇ. زالنىڭ تۆرىسىدە 25 ياشلار چامىسىدىكى كۆزەينەك تاقىۋالغان، رەتلىك كىيىنگەن بىر يىگىت پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن رويال چېلىپ مۇڭلۇق بىر تۈركچە ناخشىنى پەس ئاۋازدا، يەنىمۇ ئۇنلۇكرەك ئېيتىسىچۇ دېگۈدەك ئاۋازدا ئېيتىۋېتىپتۇ... بىز دېرىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تاماقلاندۇق. تېھراننىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى كۆرگەچ ئىراننىڭ مەززىلىك تائاملىرىدىن تويغىچە مەززە قىلدۇق. سابىقى ئەپەندى بىزگە ئۆزىنىڭ ئىلمىي ھەمكارلىق ھەققىدە ناھايىتى ياخشى تىلەكلىرىنى ئېيتتى ۋە بىزنىڭ ئىراندىكى پائالىيەت كۈنتەرتىپىمىزنى ئۇقتۇردى. ئۆزىنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى، پائالىيەت جەريانىدا ئۇزىنىڭ قول ئاستىدىكى شەمسايى ئەپەندىنىڭ بىز بىلەن ھەر ۋاقىت بىللە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىزدىن ئۆزرەخاھلىق سورىدى.

2007.6

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، سەھەر بامداد ۋاقتى بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. دېرىزە پەردىسىنى ئاچتىم. بىز چۈشكەن بۇ مېھمانساراي ئېگىز بىر تۆپىلىككە جايلاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ياتقىمىز بۇ 30 نەچچە قەۋەت ئېگىز بىنانىڭ يۇقىرىقى قەۋەتلىرىدە بولغاچقا پۈتۈن تېھران شەھىرىنى دېگۈدەك كۆرگىلى بولاتتى. مانا گويا چۈشۈمدەك، ئالدىمدا تېھران شەھىرى. ئەنە ئاۋۇ ھەيۋەت تاغلار چوققۇم ئەلبۇرۇز. شەمسايى ئەپەندى ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئۈلگۈرۈپ كەلدى ۋە بىز بىلەن بىللە تاماقلىنىپ بولۇپ، بۈگۈن تېھران شەھەر ئىچىنى كۆرىدىغانلىقىمىزنى، مېھمانساراي ئالدىدا ماشىنا بىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بىز ماشىنا بىلەن تېھراننىڭ خىيابانى ئازاد (ئازاد كوچىسى)، خىيابانى ۋەلى ئەسر (ۋەلى ئەسر كوچىسى)، خىيابانى ئەلىيە شەرىئەتى (ئەلىيە شەرىئەت كوچىسى)، خىيابانى ۋەھدەتى ئىسلام (ۋەھدەتى ئىسلام كوچىسى) قاتارلىق ئاساسىي كوچىلىرىنى ئايلاندۇق.

ئەلبۇرۇز تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بۇ قەدىمىي شەھەر مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك قايناق، رەڭدار ۋە شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك شەھەر ئەمەس ئىدى. بۇ شەھەردە رەڭگارەڭ ھەيۋەتلىك ئېگىز بىنالارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن. قەدىمىي كونا ئىمارەتلەر كۆپرەك ئىكەن. بۇ يەردە گەرچە ئىمارەتلەرنىڭ ئىچىنى مىللىي بېزەكچىلىك سەنئىتى بىلەن چىرايلىق بېزىسىمۇ، ئەمما بىنالارنىڭ سىرتىغا ھەشەم قىلمايدىكەن ياكى سېمونت رەڭگى بويىچە تاشلاپ قويىدىكەن. ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىدىمۇ باققال، ئاشپەز، دۇكاندارلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىكەن. ئۇزاق زامانلارنى، ئاجايىپ تارىخلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قەدىمىي تېھران گەرچە بۈگۈنكى زامان مەدەنىيىتى بىلەن ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ تەمكىن، ئېغىر بېسىق ۋە كۆپنى كۆرگەن سالماق، مويسىپىتلارغا خاس خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا تېھران ھەققىدە مۇنۇ قۇرلارنى يېزىپ قويغانىدىم.

سۆكۈت ئىچرە بىر شەھەر تاغ باغرىدا ياتىدۇ،
رىۋايەتلەردىن جىلمىيىپ پەرىزاتتەك باقىدۇ.
تېھران دېگەن شەرقنىڭ مەرۋايىتى ئەزەلدىن،
شېئىرىيەتنىڭ كۆكىدە يالتىراپ نۇر چاچىدۇ.

چۈشتىن كېيىن بىز يەنە شەمسايى ئەپەندىنىڭ رەھنامالىقىدا خىيابانى كارگەرى (ئىشچىلار كوچىسى)گە جايلاشقان تېھراندىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كاتتا باغچەئى شاھ (خان جەمەتى باغچىسى)غا كىردۇق. باغچا پۈتۈنلەي يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەن. باغچىدا ئىنقىلابىي مۇزېي، ھەربىي مۇزېي، خان جەمەتى قەسىرلىرى ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت كۆرگەزمىلىرىنى كۆردۇق. بۇ جەرياندا مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغىنى، مۇشۇ باغچىدىكى كۆرگەزمە ۋە ئاسارئەتىقە سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان بىر تال كارىز بولدى. ئېگىز ۋە قويۇق ئۆسكەن دەرەخلەر ئارىسىدىكى بۇ كارىز مەن كىچىكىمدىن سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان يۇرتۇمنىڭ كارىزلىرىغا ئوخشىمايتتى. يازمىلاردا كارىزنىڭ ئىراندىن ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ كېڭەيگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلارنى كۆپ كۆرگەنمەن.

كارىز ھەققىدە بۈگۈنگىچە خەلقئارادا ئىككى خىل قاراش داۋاملىشىپ كەلدى، يەنى ئۇيغۇر تىلىدىكى «كارىز» پارسچە ئاتالما، شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا شەرقتىن مەركىزىي ئاسىياغا، جۈملىدىن تۇرپان، قومۇل رايونلىرىغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراش. يەنە بىرى، جۇغراپىيىلىك شارائىت نۇقتىسىدىن قارىغاندا تۇرپان رايونىدا، كارىز ئەڭ بۇرۇن كەشىپ قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، تۇرپان رايونىدىكى كارىزلارنىڭ كونىلىرى 2000 نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇنداق كارىزلارنىڭ تارىخى ئوتتۇرا شەرقتىكى كارىزلارنىڭ تارىخىدىنمۇ قەدىمدۇر. خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىن كېيىن خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرۈلىدىغان 卡儿井، 坎儿井، 卡井، 坎井 دېگەن ئاتالمىلار ئۇيغۇر تىلىدىكى كارىز سۆزىنىڭ يېرىم ئاھاڭ، يېرىم ئىزاھلىق تەرجىمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. كارىزنىڭ خەنزۇ تىلىدا خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىن تارتىپ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئىپادىلىنىشى يىپەك يولىدا، بولۇپمۇ تۇرپان رايونىدا كارىزنىڭ ناھايىتى قەدىمىي تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. شىمازاكى ئاكىرا: «سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى شىنجاڭ تەتقىقاتى»، II توم «قوچۇ ئېلى تارىخىي تەتقىقاتىنى مەركەز قىلىپ»، (1977 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ياپونچە نەشرى، 378 ـ بەت) دېگەن قاراشتۇر.

كارىز ھەققىدە مەملىكەت ئىچىدە مۇنداق ئۈچ خىل قاراش داۋاملىشىپ كەلمەكتە: بىرىنچى قاراش، بۇنىڭدىن 2500 يىل مۇقەددەم پارسلار ئىختىراسى بولغان كارىز تۇرپان ۋادىسىغا تارقىلىپ ئۆزلەشكەن؛ ئىككىنچى، بۇنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇن خەن دەۋرىدىكى قۇدۇق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ ئۆلگىلىرى تۇرپان رايونىغا تارقالغان؛

ئۇچىنچى، يەرلىك خەلقلەر تەبىئىي ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان.

ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقى ئىككىنچى قاراش ئىنتايىن بىمەنە ۋە كۈلكىلىكتۇر. ئەمدى بىرىنچى خىل قاراشنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى پەقەت «كارىز» ئاتالمىسى پارسچە دېگەننى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت. ئەمما كارىز مەدەنىيىتى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق تەتقىقات ئىشلىگەن ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئۇيغۇرشۇناس ئالىم شىمازاكى ئاكىرا ئەپەندى 1970 ـ يىللاردىكى تەتقىقاتلىرىدا «كارىز» سۆزىنىڭ ئەسلىي پارسچە كەلىمە ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى (شىمازاكى ئاكىرا: «سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى شىنجاڭ تەتقىقاتى»، II توم «قوچۇ ئېلى تارىخىي تەتقىقاتىنى مەركەز قىلىپ»، 1977 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ياپونچە نەشرى 375 ـ بەت). 1996 ـ يىلى ئالتايشۇناس پروفېسسورى دوكتور لېتىپ توختى «كارىز» ئاتالغۇسى ھەققىدە تولىمۇ قىممەتلىك بىر پارچە ئىلمىي مېھنىتىنى ئېلان قىلىپ، ئىلىم ساھەسىدىكى بۇ تالاش ـ تارتىشلارغا خاتىمە بەردى. ئۇ مەزكۇر تەتقىقاتىدا «كارىز» سۆزىنىڭ ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىغا خاس لېكسىكىلىق بىرلىك بولماستىن، بەلكى ئالتاي تىللىرىغا، جۈملىدىن تۈركىي تىللارغا خاس ئاتالما ئىكەنلىكىنى ئالتايشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىلمىي يوسۇندا دەلىللەپ چىقتى. مۇشۇ ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، «kar» دېگەن ئالتاي تىللىرىغا خاس بولغان سۆز كۆكى تۈركىي تىللاردا «qaz» (قازماق) بولغان. «iz» ياكى «z» ئىسىم ياكى پېئىللار ئۈزىكىگە قوشۇلۇپ ئىككىلىك ياكى كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىدۇر (لېتىپ توختى: «‹كارىز› سۆزى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كارىزچىلىق مەدەنىيىتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1996 ـ يىلى 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 111 ـ بەتتىن 118 ـ بەتلەرگىچە قارالسۇن). دېمەك، «كارىز» سۆزى ئالتايچە، جۈملىدىن تۈركچە ئاتالمىدۇر. مېنىڭ ئەجدادىم، ئاتا ـ بوۋام قەدىمىي تۇرپاندا ئاشۇ كارىزلار بىلەن ئىگىلىك تىكلەپ، ھاياتى كاپالەتكە ئېرىشىپ كەلگەن. مەن تۇغۇلۇپلا ئاشۇ كارىزلارنىڭ ئېرىقلىرىدا ئاققان، تەشنالىقىم ئاشۇ كارىزلاردا قانغان. شۇڭا بىزنىڭ كارىزلىرىمىز ماڭا بەش قولدەك تونۇش دېسەممۇ بولىدۇ. مېنىڭ بىلىشىمدە كارىز دېگەن نەچچە كىلومېتىرغا سوزۇلغان، نۇرغۇن كارىز قۇدۇقلىرىدىن تەركىب تاپقان، مۇكەممەل تىلىمىسى بولغان يەر ئاستى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئىدى. تېھراندىكى بۇ كارىزنىڭ كارىز قۇدۇقلىرىمۇ يوق ئىدى. پەقەت بېتوندا ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ سېلىنغان ئىران بىناكارلىق ئەندىزىسىدە بىر ئۆي، ئۆينىڭ ئالدىدا يەنە بېتوندا بەش ـ ئالتە مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ياسالغان بىر تال ئېرىق تۇراتتى. ئەمما ئېرىق قۇرۇق ئىدى. بەلكىم قۇرۇپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. مەن كارىز ھەققىدە سەل ئىچكىرىلەپ تەھقىقلەپ سوراپ باقتىم. ئەمەلىيەتتە كۆز ئالدىمىزدىكى مۇشۇ ئەسلىھە بىر پۈتۈن كارىز ئىكەن. بۇ يەرنىڭ كارىزلىرى ئۇزۇن كارىز قۇدۇقلىرى بىلەن يەر ئاستى سۇ يولى لىنىيىسىنى شەكىللەندۈرمىسە كېرەك، مۇبادا شۇنداق بولسا بۇ كارىز بىزنىڭ نەزەرىمىزدىكى ئۈستى يېپىلغان بۇلاقتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن يەنە ئاقايىپ شەمسايى (شەمسايى ئەپەندى)نىڭ ھەمراھلىقىدا تېھراننىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرى بولغان ئازاد كوچىسىغا جايلاشقان دانشگاھى تېھران (تېھران ئۇنىۋېرسىتېتى) ئەدەبىيات ۋە ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرى ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا باردۇق. تېھران ئۇنىۋېرسىتېتى 1936 ـ يىلى قۇرۇلغان ئىراندىكى ئەڭ قەدىمىي ۋە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، كەسىپلىرى ئەڭ تولۇق ئۇنىۋېرسىتېت ئىدى. ئەدەبىيات كەسپى مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەڭ كونا كەسىپلىرىدىن بىرى ئىدى. بىزنى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى دوكتور پروفېسسور مۇئەززىنى ئەپەندى باشچىلىقىدا دوكتور پروفېسسور جەلىل تەجلىل، دوكتور پروفېسسور كېمانىش قاتارلىقلار قىزغىن كۈتىۋالدى. ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن قارىغاندا، بۇ فاكۇلتېتنىڭ ئىلمىي قوشۇنى ۋە ئوقۇتۇش سەۋىيىسى دۇنيادا خېلى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن. ئەلۋەتتە، پارس ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت يوق ئىكەن. بىزمۇ مەكتەپلىرىمىزنىڭ ۋە كەسىپلىرىمىزنىڭ ئەھۋاللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان بولدۇق. پاكار، دوغىلاق كەلگەن، كۆزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان قاڭشارلىق 60 ياشلار چامىسىدىكى مۇئەززىن ئەپەندى ئوچۇق ـ يورۇق، تۈز ئادەم ئىكەن. ئۇ ھەدېگەندە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتتا ھەمكارلىششقا تەييار ئىكەنلىكىنى، ھازىر جۇڭگو ـ ئىران مۇناسىۋىتىنىڭمۇ بۇنداق ھەمكارلىقلارغا ئىمكانىيەت بېرىدىغانلىقلىرىنى، مۇمكىن بولسا ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتنىڭ

ئۆزىدىلا كونكرېت ھەمكارلىق پىلانى ۋە كېلىشىمى تۈ-
زۈپ قول قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما بىز بولساق
مۇئەززىن ئەپەندىنىڭ بۇ گۈزەل ئىستەكلىرىنى دۆلەتكە
قايتقاندا مەكتەپلىرىمىزنىڭ مۇدىرلىرىغا، مۇناسىۋەتلىك
رەھبەرلىرىگە ئىنكاس قىلىدىغانلىقىمىزنىلا بىلدۈرۈپ،
ئۆزرىخاھلىق ئېيتتۇق. ئاندىن شەيخۇل ئىسلامنىڭ ئىش-
خانىسىغا كىردۇق. شەيخۇل ئىسلام بېشىغا چوڭ قارا
سەللە كىيگەن، پەشلىرى يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان دەرد-
جىدە ئۇزۇن قارا پەرىجىلىك، قاڭشارلىق، قاشلىق، سا-
قاللىق ۋە بەستلىك ئادەم ئىكەن. ئۇمۇ بىزنى دوستانە
كۈتۈۋالدى ۋە بىز بىلەن كۆرۈشكىنى ئۈچۈن ناھايىتى
خۇرسەن بولغىنىنى بىلدۈرۈپ، ئىلمىي ھەمكارلىقنىڭ نا-
ھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆپ توختالدى. ئەمما
بىز يەنە مۇئەززىن ئەپەندىگە دېگەن سۆزلىرىمىزنى قايتا
تەكرارلاپ، ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن ئالدىراپ قايتىپ چىق-
تۇق، ئاندىن شەمسايى ئەپەندى بىزنى تېھران ئۇنىۋېر-
سىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ قارمىقىدىكى قەدىمىي ئەسەرلەر-
نى رەتلەش ۋە ساقلاش بۆلۈمىگە باشلاپ كىردى.

چوڭ بىر قىرائەتخانا زالى پۈتۈنلەي قەدىمىي ئە-
سەرلەر بىلەن لىق تولغانىدى. بۇ يەردىكى مەسئۇل خا-
دىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئىراندا ساقلانغان كلاسسىك
ئەسەرلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك رەتلىنىپ، نەشر قىلىنىشقا
تېگىشلىكلىرى نەشر قىلىنىپ بوپتۇ، ھازىر بەزى قىممەت-
لىك قولىيازمىلارنىڭ كەمتۈك بەتلىرى تولۇقلىنىۋېتىپتۇ.
بىز بۇ ئىلمىي خىزمەتنىڭ قانداق ئىشلىنىدىغانلىقىنى
كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدۇق. مەسئۇل خادىم بىزنى يەر
ئاستىدىكى بىر بۆلۈمچىگە باشلاپ چۈشتى. بۇ يەر خۇد-
دى خىمىيە تەجرىبىخانىسىغىلا ئوخشايتتى. پاكىز ۋە رەت-
لىك قويۇلغان تەجرىبە سايمانلىرى، شىشىلەرگە قاچىلان-
غان ھەر خىل رەڭلەردىكى سۇيۇقلۇقلار بۇ بۆلۈمچىنىڭ
مۇكەممەل بىر تەجرىبىخانا ئىكەنلىكىنى دېرەكلەپ تۇ-
راتتى. 20 ياشلار چامىسىدىكى پارس قىزلىرىغا خاس چە-
رايلىق ۋە رەتلىك كىيىنگەن، قاڭشارلىق، قاشلىق، چوڭ
يۇملاق كۆزلۈك، ئۇزۇن كىرپىكلىك، بۇغداي ئۆڭ قىز
بىزگە مەزكۇر بۆلۈمچىنىڭ خىزمەت دائىرىسىنى تونۇش-
تۇردى. بىلىشىمىزچە بۇ تەجرىبىخانا قەدىمكى قولىيازما ۋە
ئورىگىناللارنى خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ
تارىخىي دەۋرىگە دىئاگنوز قويىدىكەن، ئاندىن قەغەزنىڭ
تەركىبى ۋە رەڭنىڭ تەركىبى، تۈرىنى ئايرىپ چىقىدىكەن.
مەسئۇل خادىم بىزنى باشلاپ تەجرىبىخانىدىن چىقىپ
چوڭ بىر سېخقا كىردى. بۇ سېختا بىر نەچچە قىز ـ ئو-
غۇل باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقانىكەن. بىزنى كۆرۈپ
ھەممىسى ئەدەپ بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ «سە-
لام!» دېيىشتى. بىزمۇ ئۇلارغا سالام بەردۇق. مەسئۇل
خادىم بىلەن شەمسايى ئەپەندى بىزنى ئۇلارغا تونۇش-
تۇردى. بۇ سېخ قەدىمكى قولىيازمىلار ئىچىدىكى كەمتۈك
ۋاراق پارچىلىرىنى ئۇلايدىغان، تىتىلىپ كەتكەن بەت
بۇرجەكلىرىنى، چۈشۈپ قالغان كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇق-
لايدىغان سېخ ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىزمىتى ھەققەتەن
ئىنچىكە خىزمەت ئىكەن. ئۇلار بىزگە بۇرجىكى يوقىلىپ
كەتكەن بىر پارچە قولىيازمىنىڭ بۇرجىكىنى تولۇقلاش
جەريانىنى نەق مەيداندا كۆرسەتتى. ئۇلار دەسلەپتە ئىن-
تايىن نېپىز ۋە سۈزۈك قەغەزنى كەمتۈك بەت بىلەن بىر
گەۋدە قىلىپ تۇتاشتۇرىدىكەن. ئاشۇ خىل نېپىز قەغەز
مەخسۇس قەدىمكى قەغەزلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن ياپو-
نىيىدە ئىشلەنگەنىكەن. خېلى مۇرەككەپ تېخنىكا بىلەن
نېپىز قەغەز قەدىمكى قولىيازما قەغىزى بىلەن بىر گەۋدە
قىلىنغاندىن كېيىن، قەدىمكى قەغەزنىڭ تەركىبى بويىچە
ھەر خىل خىمىيىلىك تەركىبلەر بىلەن ئىشلىنىپ قەدىمىي
شەكىلگە كەلتۈرۈلىدىكەن، ئەڭ ئاخىرىدا بەت ئەتراپى
ياسىلىپ، قولىيازمىنى ساقلاش تەلەپ كارتۇچكىسى تول-
دۇرۇلغاندىن كېيىن ساقلاش بۆلۈمىگە يوللىنىدىكەن. بۇ
يەردىكى تېخنىك خادىملارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بۇنداق
قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش تېخنىكىسى نۆۋەتتە دۇن-
يادا ئەڭ ئىلغار تېخنىكا ئىكەن.

بىز كۇتۇپخانىنىڭ قەدىمىي ئەسەرلەر ۋە قولىيازمىلار
بۆلۈمىدىن خوشلىشىپ چىقىپ تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
ئازادە، پاكىز قورۇسىدا خېلى ئۇزاق ئەتراپنى كۆرگەچ
پىيادە ماڭدۇق. شەمسايى ئەپەندى بىزگە مەكتەپ ئىچىنى
تونۇشتۇرۇپ ماڭدى. ئەڭ ئاخىر مەكتەپ دەرۋازىسىدىن
چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئۇ بىزگە يەنە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ
بەزى ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ بەردى:

— تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى
ھازىر دۇنيادا پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك مەركە-
زىدۇر. ئىراندا ئەدەبىياتشۇناسلىق مىڭ يىلدىن ئۇزاق
تارىخقا ئىگە. پارس ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى زا-
ماندىكى ئەڭ مەشھۇر بىلگىنلىرى مۇشۇ تېھران ئۇنىۋېر-
سىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدىن چىققان. مەسىلەن،
بەدىئىي زەمان، تەجلىل ھەكىمى قاتارلىق ئۇستازلار دەل
مۇشۇ ئىنستىتۇتنىڭ پروفېسسورلىرى ئىدى. بۇ ئىنستىتۇت

www.uyghurkitap.com

پارس ئەدەبىياتى بويىچە تولۇق كۇرس، ماگىستىر ۋە
دوكتور تەربىيىلەيدۇ. بۇ يەردە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى-
لارمۇ ناھايىتى كۆپ...

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىز يەنە شەمسايى ئەپەن-
دىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن تېھران كىتاب شەھەرچىسىگە
باردۇق. كىتاب شەھەرچىسىنىڭ باشلىقى ئىران پارس
تىل ـ ئەدەبىياتى ئومۇملاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى
دوكتور مۇھەممەد خانى ئەپەندى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋال-
دى. بىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگىنىمىزدە ئۇ بىزنى كۆ-
رۈپ ئالدى بىلەن تىزلىكتە كىيىم ئىلغۇچتىكى كاستۇمنى
ئېلىپ كىيدى ـ دە، ئاندىن بىزگە سالام قايتۇرۇپ، ئول-
تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئېگىز بوي، ئورۇق، قاڭشارلىق
كەلگەن بۇ كىشى ئوچۇق ـ يورۇق ئادەم ئىكەن. ئۇ بىز-
نىڭ ئىرانغا كەلگەنلىكىمىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلى-
قىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ تەسراتىمىزنى ۋە
ئەھۋالىمىزنى سورۇشتۇردى.

ئىراننىڭ قائىدىسى ۋە ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلى-
مىسى بويىچە ئىران زېمىنىغا دەسسىگەن ھەرقانداق مەز-
لۇم بېشىغا ياغلىق چىگىشى لازىم ئىكەن. بەدىنىنىڭ ئو-
چۇق قويۇشقا تېگىشلىك بولمىغان ھەر قانداق جايىنى
ئېتىپ يۈرۈشى، ئەرلەرنىڭ كاستۇم كىيگەندە گالستۇك
تاقىماي يۈرۈشى ھەم ئادەتكە ئايلانغانىكەن. شۇڭا دوك-
تور مۇھەممەدخانى ئۆز ئىشخانىسىنىڭ خېلى ئىسسىق
بولۇشىغا پەرۋا قىلماي كاستۇمنى رەتلىك كىيگىنىچە
ئولتۇرۇپ بىز بىلەن بىرەر سائەتتەك سۆھبەتلەشتى. ئۇ
بۈگۈنكى چاغداش پارس ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتى ئارىسىدا ئۆزئارا تەرجىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇم-
كىنچىلىكى بولغان بولسا تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش بولار
ئىدى، دەپ ئەپسۇسلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى. لېكىن
بۇ ئىشلارنىڭمۇ ھامان بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن
ئىككىلا تەرەپتە پارسچە ۋە ئۇيغۇرچە بىلىدىغان ئەدەبى-
ياتچى ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلارنىڭ يېتىلىشى ئەڭ مۇھىم
ئىكەنلىكىنى، ئەگەر كىتاب ئالماشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى
بولسا ئۆزلىرىنىڭ ھەر زامان تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ
سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا بىزگە مەشھۇر
مۇتەپەككۇر شائىر ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»-
سىنىڭ ئىخچاملانما نەشر نۇسخىسىدىن بىردىن تەقدىم
قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ
ئورنۇمدىن تۇردۇم. ھەيۋەتلىك ئەلبۇرۇز تاغلىرىنىڭ
ئۈستىدە بىر نەچچە پارچە ئاق بۇلۇت لەيلەپ تۇراتتى.
تاغ باغرىدىكى كۆجۈم مەھەللىلەر ئاللىبۇرۇن ئويغىنىپ
كەتكەنىدى. مانا شۇ مەھەللىدىن كۆتۈرۈلگەن سانسىزلى-
غان كەپتەرلەر شوخلۇق بىلەن ئۇچۇپ، گاھىدا ئازاد
مېھمانسارىيىنىڭ ئۈستىدىن ئايلىنىپ ئۆتەتتى. جەنۇب
ئاسمىنى شىشىدەك تىنىق ئىدى. ئوتتۇرا شەرقتە ئەڭ ئې-
گىز مۇنار ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ سىمۋولى قىلىپ سېلىنغان
تېھران مەركىزىي مەيدانىدىكى ھەيۋەتلىك مۇنار بۇ شە-
ھەرنىڭ ئاسمىنىنى كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. تېھران-
دىكى يەنە بىر يېڭى كۈنىمىز باشلاندى. تېھران ۋاقتى
سائەت 7:00دە بىز ناشتىمىزنى تۈگىتىپ مېھمانخانا ئال-
دىغا چىقتۇق. دېيىشكىنىمىز بويىچە شەمسايى ئەپەندى
يېتىپ كەلدى ۋە بىزنى ماشىنىغا سېلىپ تېھراننىڭ گۈزەل
بىر كوچىسىغا جايلاشقان «دېكخۇدا لۇغەتنامىسى»گە
باشلاپ باردى. بۇ جاي ئەمەلىيەتتە لۇغەت تۈزۈش بىلەن
بىللە پارس تىلى ئوقۇتۇشىنى تەڭ ئېلىپ ماڭىدىغان ھەم
تەتقىقات، ھەم ئوقۇتۇش ئورنى بولۇپ، تېھران ئۇنىۋېر-
سىتېتىغا قارايدىكەن. دېكخۇدا ھازىرقى زامان پارس تىلى
تىلشۇناسى ۋە داڭلىق ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئىكەن. مۇشۇ
لۇغەتنامىنىڭ روياپقا چىقىشى دېكخۇدا بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك بولغاچقا بۇ مەركەز «دېكخۇدا لۇغەتنامىسى»دەپ
ئاتالغان. دۇنيادا ھەر خىل تىللاردا چىقىرىلىدىغان پارس
تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك لۇغەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە ياكى
ئەڭ ئاخىرقى بېكىتىلىشىگە مۇشۇ مەركەز ئىشتىراك قىلى-
دىكەن. جۇڭگودا چىقىرىلغان «خەنزۇچە ـ پارسچە لۇ-
غەت»لەرمۇ دەل مانا شۇ مەركەز تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ۋە
بېكىتىلگەن.

بۇ مەركەزنىڭ باشلىقى دوكتور شەھىدى 80 ياشتىن
ھالقىغان مويسىپىت كىشى بولسىمۇ، ئەمما پىكرى ئىنتايىن
ئوچۇق، خاتىرىسى جايىدا، ئۆزى تىلشۇناس ئىكەن. ئۇ
كىشىمۇ ناھايىتى ياخشى تىلەكلەرنى، يەنى ئۇيغۇر ـ پارس
تىللىرىنى ئۆزئارا ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى، مۇمكىن بولسا
ئىككى تىلغا ئائىت قورال ـ كىتابلارنى ھەمكارلىشىپ تۈ-
زۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكى تولۇق ئىكەنلىكى، ئەسلىي بۇ
ئىلمىي مېھنەتلەرنىڭ بۇرۇنلا ئىشلىنىشى كېرەكلىكىنى
ئوتتۇرىغا قويدى. بىز دوكتور شەھىدى بىلەن خوشلىشىپ
ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولغان بىر چولڭ ياشلىق ئايال رەھ-
بەرنىڭ يېتەكلىشىدە بىرىنچى قەۋەتتىكى شائىر ۋە تىل-
شۇناس دېكخۇدانىڭ مۇزېيىغا كىردۇق. مۇزېي ئىشكىدە
شائىرنىڭ يېرىم ھەيكىلى ۋە بىر پارچە شېئىرى قويۇ-

لۇپتۇ. مەن زەمىر ئەپەندىگە مۇشۇ شېئىرنى قۇرمۇ قۇر، مەنەن تەرجىمە قىلىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلدىم.

ئۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى.

مەن ھەر بىر مىسرا بويىچە شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى خاتىرەمگە ئېلىۋالدىم ۋە ياتاققا قايتىپ كېلىپلا بۇ شېئىرنى تۆۋەندىكىدەك تەرجىمە قىلىۋالدىم:

ئېسىمدە گۆدەكلىكتىن بىر ئەسلىمە،
بىر كۈنى كىرگەنىدىم بىر كاتەككە.
رەھناما ماڭا تۇخۇم لەززىتىدى،
ئارزۇيۇم يېتىش ئىدى شۇ تىلەككە.
سۇر بىلەن قاقاقلىغان بىر مېكىيان،
زەردىدە چوقۇپ كەتتى قوللىرىمنى.
كاتەكتىن چىقالمىدىم، چۈنكى توخۇ
تېپەتتى توسۇۋېلىپ يوللىرىمنى.
تۇمشۇقى، تىرناقلىرى تۆمۈرمىكىن،
ئاغرىقى جاندىن ئۆتتى ۋادەرىخا!
بىردەمدە ئۈستىۋېشىم پەيگە تولدى،
قوللىرىم بويالغانتى قىزىل قانغا.
مەن بولدۇم توخۇ يۈرەك، توخۇ قاپلان،
شۈمشەيدىم، تەسلىم ئىدىم مېكىيانغا.
ۋە لېكىن بەرمەيتتى ئۇ ماڭا ئارام،
تىنىمسىز ئېتىلاتتى چوقۇپ يانا.
تۇيۇقسىز ۋۇجۇدۇمنى تۇتتى يىغا،
يىغلىدىم، ئۈنۈم ئاشتا پاناھ تىلەپ.
قۇتقازدى كېلىپ ئاتام قەيەردىندۇر،
يىغلىما ئوغۇل بولساڭ، بولدى قىل، دەپ.
......
كۈلگەنتى ئاتام ماڭا قارىغانچە،
يەنە بىر يىغا تۇتتى بىر قاياندىن.
بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى ئاتام:
بىل ۋەتەن سۆيگۈسىنى مېكىياندىن.

شائىر دېكخۇدانىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدىكى بۇ شېئىرنى ئىرانلىقلار ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. دېمەسمۇ شېئىر ھەققەتەن ياخشى يېزىلغان (ئەسلىي پارسچىسى ئاجايىپ گۈزەل بولۇشى چوقۇم. مېنىڭ تەرجىمەم بىلەن ئۇنىڭ ئەسلىي گۈزەللىكىدىن بەھىر ئېلىشنىڭ قىيىن بولۇشىمۇ چوقۇم، ئەلۋەتتە) ئىدى. نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى شېئىرىيەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«شېئىر يېزىش بىر خىل ماھارەتتۇر. شائىر ئاشۇ ماھارەتنى ئىشقا سېلىپ شەيئىلەرنى تەسۋىرلەيدۇ، ئۆز كۆز قارىشىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار يا كىچىك ئىشنى چوڭايتىپ، يا چوڭ ئىشنى كىچىكلىتىپ، ياكى بولمىسا گۈزەل ھالەتنى كۆرۈمسىزلەشتۈرۈپ ياكى يامانىنى ياخشى قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق قايناق ھېسسىياتنى ئۇرغۇتۇپ، ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنى قوزغاپ، كىشىلەرنى يا شادلاندۇرىدۇ، يا ھەسرەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى چوڭ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ۋاستىگە ئايلىنىدۇ. ياخشى يېزىلغان شېئىر قەلبكە تەسىر قىلىدۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن يادلىنىدۇ...» («چاھار ماقالە» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 48 ـ ، 55 ـ بەتلەر). مەزكۇر شېئىرنى كىشىلەرنىڭ يادقا ئوقۇغىنىدىن قارىغاندا ئۇ نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندىنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدە ئېيتقان تەلەپلىرىنى تولۇقى بىلەن ئورۇندىغاندەك تۇرىدۇ.

چۈشتىن كېيىن بىز تېھران شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپىغىراق جايلاشقان «ئىرانشۇناسلىق مەركىزى ۋە پارس تىل ـ ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى»گە باردۇق. بۇ جايدا بىز دوكتور پروفېسسور ھەبىبى ۋە دوكتور پروفېسسور شۇجاخانىپلارنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. دوكتور ھەبىبى ئەسلىي ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى بولغان كىشى ئىكەن، ھازىر ئۇ ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئىرانشۇناسلىق فوندى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. مويسىپىت، ئوچۇق ـ يورۇق بۇ كىشى بىز بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئازادە، پاكىز ۋە ھەشەمەتلىك سۆھبەت زالى. ئوتتۇرىغا ئۇزۇن ۋە كەڭ شىرە قويۇلغان، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئورۇندۇقلار قويۇلغانىدى. بىز كۆرسىتىلگەن ئورۇنلارغا جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ھەبىبى باشلىق ئەپەندىلەرمۇ بىزنىڭ روبىرويىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

ھەبىبى ئەپەندى تەمكىن ۋە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ھەر بىرىمىزگە تەكشى قاراپ تۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى:

ــــ سىلەر ھەممىڭلار پارسچە بىلەمسىلەر؟ كېرەك يوق، ئەمىسە زەمىر ئەپەندى تەرجىمان بولسۇن، ئەسلىغۇ قەلب سۆيىسە تىل لازىم بولماس. ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ بۇ خاسىيەتلىك سەپىرىڭلارنى قىزغىن قۇتلۇقلايمەن. ئۇزاق قەدىمىي تارىختىن بۇيان پارس خەلقى بىلەن تۈركىي

خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئوخشاش بىر زېمىندا ئۆزئارا باردى-كەلدى قىلىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ ناھايىتى ئىناق ئۆتكەن دوستلاردىن ئىدى. بىزمۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ يولىنى تۇتايلى، ئىراننىڭ يەر كۆلىمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭكىدىن سەل-پەل چوڭراق، ئاساسەن تەڭ دېگۇدەك كېلىدۇ. ئەمما قەدىمكى ئىراننىڭ بىۋاستە قوشنىسى سىلەرنىڭ يۇرتلىرىڭلار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن يېتىشىپ چىققان ئاجايىپ پەيلاسوپ، شائىر ۋە ئەدىبلىرى ئۆز قوشنىلىرىنىڭ تىلىنى شۇ قەدەر ياخشى بىلەتتىكى، ئۇلارنىڭ پارس تىللىرىدا يازغان ئۆلمەس ئەسەرلىرى ھېلىھەم سىلەرنىڭ، بىزنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقىدۇر. بۇرۇنلاردا ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى فەرىدىدىن ئەتتاردەك مەشھۇر پارس شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانىدى. دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن پارس ئەدەبىياتى قەدىمدە ئۆزئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئەدەبىياتلار ئىدى. ھازىر شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان بەزى پارسچە قولىيازمىلار بەلكى ئىراندىمۇ يوق بولۇشى مۇمكىن. بىلىشىمچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پارسچە كەلىمىلەر ناھايىتى كۆپكەن. بۇ، بىزنىڭ پارس تىلى تەتقىقاتىمىز ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك بىر مەنبە. بۇ ھەقتىدىكى تەتقىقاتلارنى ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئىشلەش مېنىڭچە ئىككى تەرەپ ئىلىم ئورۇنلىرىنىڭ ۋە دانىشگاھلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس ۋەزىپىسى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئوخشاش ئىككىلا تىلغا كامىل بىلگىنلەر قوشۇنى بولۇشى لازىم. شۇڭا پارس تىلى بويىچە شىنجاڭدا ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى يولغا قويغان بولسا ناھايىتى ياخشى بولاتتى. پارس تىلى بىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار بولسا بىز ئىراندا، جۈملىدىن، مۇشۇ تىل-ئەدەبىيات تەتقىقات مەركىزىدە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇتقان بولساق ئاشۇ ئىلمىي قوشۇننى شەكىللەندۈرۈش تەسكە توختىمايتتى. ئىلمىي كۈچ بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، مۇمكىن بولسا ھەتتا تولۇق كۇرس بويىچە ئادەم تەربىيىلىسەكمۇ بولىدۇ. شۇنى دېيىش كېرەككى، قىسقا مۇددەتلىك كۇرس بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ. ئەگەر سىلەر ماقۇل بولساڭلار تىل-ئەدەبىيات ئاكادېمىيىمىز سىلەرنىڭ مەكتەپلىرىڭلار ۋە ئىنستىتۇتلىرىڭلار بىلەن بىۋاستە كېلىشىم تۈزۈپ ئالاقە ئورناتسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا بىز ھەر زامان تەييار...

بىزنىڭ مەركىزىمىز ھەر يىلى چوڭ ئىلمىي مۇھاكىمىلەرنى ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنلارنى ئېچىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىزمۇ چاقىرساق، سىلەرمۇ كېلىپ بىزنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمىلىرىمىزگە قاتناشساڭلار، شۇنىڭ بىلەن قەدەممۇ قەدەم ئىلمىي ھەمكارلىقىمىزمۇ كۈچىيىدۇ.

ھەببى ئەپەندى ياخشى ئىلمىي غايىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردۇق. لېكىن ئۇنىڭ بەزى تەلەپلىرىنى بىزنىڭ ئورۇنداشقا قۇربىمىز يەتمىگىنى ئۈچۈن، جاۋابسىز قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق.

كونا دوستىمىز سابىقى ئەپەندى كەچقۇرۇن بىز چۈشكەن مېھمانسارايى ئازادقا كەلدى. ئۇ بىزنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلغانىدى. بىز سابىقى ئەپەندى بىلەن ئۇزاق زامان كۆرۈشمىگەن قەدىناسلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. سابىقى ئەپەندى ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ سابىق مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى، ئۇ ھازىر ئىران ھۆكۈمىتى ئالىي مەكتەپلەر ئارا ئىلمىي مۇناسىۋەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى مەركىزىنىڭ باشلىقى ئىكەن. ئۇ جۇڭگودىكى ئىران ئەلچىخانىسىدىكى ۋاقتىدىلا بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە مۇناسىۋەتلەر ئورناتقانىدى. ئۆزىمۇ ئىراندىكى بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مۇدىرلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ مەكتەپلىرىمىزنى زىيارەت قىلغانىدى. شۇ چاغلاردىلا بىز بۇ چىقىشقاق ۋە كىچىك پېئىل كىشى بىلەن ئوبدانلا تونۇشۇپ قالغاندۇق. بىز تاماق يېگەچ خېلى كەچكىچە پىكىر ئالماشتۇرۇشتۇق. ئەڭ ئاخىرى سابىقى ئەپەندى بىزگە ئەتىكى سەپىرىمىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى تىلەپ، ئۆيىگە قايتتى.

* * *

8-ئاينىڭ 23-كۈنى چۈشكە يېقىن بىز شەمسايى ئەپەندىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن تېھران جاۋادىي مۇركاب ئايرودرومىدا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ئىككى سائەتتەك ئۇچۇپ شىراز شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. شىراز ئىراننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان قەدىمىي شەھەر. ئۇ زاگروس تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، كۇھرۇد تاغلىرى ۋە ئىسفاھان

شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مەدە-
نىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى. تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچىلا
ئىران خەلقى شىرازنى «مەدەنىيەت شەھىرى» دەپ ئا-
تايدىكەن. مەن ئىرانغا كېلىشتىن بۇرۇن قەدىمكى تېهراد-
نى، ئىران تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى سې-
ھىرلىك تەبرىزنى، ئاجايىپ مەشھۇر، دۇنياۋى شائىر ئو-
بۇلقاسىم فىردەۋسىنى تۇغۇپ تەربىيىلىگەن خۇراسان ئۆل-
كىسىدىكى مەشھەد (ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى مەشھەد شە-
ھىرىگە يېقىن تۇس دېگەن جايدا تۇغۇلغان، هازىر مەش-
ھەدكە تەۋە بۇ جاي ئوخشاشلا «تۇس» دەپ ئاتىلىدۇ.
شائىرنىڭ مەقبەرىسى هازىرمۇ ئەنە شۇ مەشھەددىكى
تۇستا)نى، شەيخ سەدى ۋە ھافىز شىرازىدەك ئۆلمەس
مۇتەپەككۇر شائىرلارنى ھېكمەتلىك قۇچىقىدا تەربىيىلەپ،
ئۇلارغا ئاجايىپ گۈزەل پىكىر، چوڭقۇر تەسەۋۋۇرلارنى
ئاتا قىلغان گۈلىستان شەھەر شىرازنى كۆرۈش نېسىپ
بولار، دېگەن ئىستەكلەرنى قەلبىمگە پۈككەنىدىم.

خۇداغا سەدھەزار شۈكۈركى، مېنىڭ ئاشۇ گۈزەل تە-
لەكلىرىم بۈگۈن بىر – بىرلەپ ئىجابەت بولۇۋاتاتتى. ئۆ-
زۈمنى چەكسىز بەخت قۇچىقىدا ھېس قىلىۋاتاتتىم. مانا،
ئالدىمدا قەدىمكى شەھەر شىراز ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكىنى
نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ. دانىشگاھى شىرازدىن بىزنى كۈ-
تۈۋېلىشقا چىققان رەھبەر خانىم فەرەھمەند ئايرودرومدىن
كېلىۋېتىپ بىزگە شىراز شەھىرىنى چۈشەندۈرگەچ ماڭدى.
ئۇمۇ ئىران مەزلۇملىرىغا خاس كىيىنگەن ئوچۇق – يورۇق
ئايال ئىدى. بىز شىراز شەھىرىنىڭ ئىچىدە ھېچبىر ئېگىز
بىنا ۋە مىغ – مىغ ئادەملەرنى كۆرمىدۇق. گۈل – گىياھقا
پۈركەنگەن بۇ شەھەر كىشىگە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئا-
جايىپ روناق تاپقان شەھەر مەدەنىيىتىنى ئەسلىتىپ تۇ-
راتتى. بىز فەرەھمەند خانىمنىڭ ياردىمى ۋە ئالدىن ئو-
رۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ناھايىتى تېزلا دانىشگاھى شىرازنىڭ
مېھمانسارىيىغا چۈشۈۋالدۇق. بۇ مېھمانخانا قورۇسىدا
شىمالىي ئىراندىكىگە ئوخشىمايدىغان دەل – دەرەخ ۋە
ئۆسۈملۈكلەر بانان، ئاپېلسىن، كوكۇنۇس، قىزىل گۈل،
سۆگەتگۈللەر ئىزغىرىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. گەرچە
پارس قولتۇقىنىڭ دېڭىز ھاۋاسىنى زاگروس تاغلىرى تو-
ساپ تۇرسىمۇ، ئەمما باندار ئابباس تەرەپتىن ئەرەب دې-
ڭىزىنىڭ نەم ھاۋاسى شىرازغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر قى-
لىدىكەن. شۇڭا شىرازدا ئىسسىق بەلۋاغلارنىڭ ئۆسۈمە-
لۈكلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. كەچلىك تا-
ماقتىن كېيىن بىز باغلارنى تاماشا قىلىپ شىرازنىڭ پاكىز
ھاۋاسىدىن قانغىچە ھۇزۇرلاندۇق.

8 – ئاينىڭ 24 – كۈنى، فەرەھمەند خانىم سەھەردىلا
مېھمانسارايغا يېتىپ كەلدى. ناشتىدىن كېيىن ئۇ بىزنى ما-
شىنا بىلەن شىراز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا
باشلاپ باردى. ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى شىراز شەھىرىنىڭ
شەرق تەرىپىدىكى بىر تاغ باغرىغا جايلاشقان تۆپىلىكنىڭ
ئۈستىدە ئىدى. بۇ تۆپىلىكتىن پۈتۈن شىراز شەھـــىرىــنى
كۆرگىلى بولاتتى. شىراز ھەقىقەتەن گۈزەل گۈل شەھىرى
ئىدى. شۇڭا ئۇ شەيخ سەدىدەك شائىرلارغا ئىلھام بۇلىقى
بولالىغان. تۆپىلىكتە تۇرۇپ شىراز شەھىرىگە قارىدىم: ئەنە
ئاۋۇ قەدىمكى سىپىل جەمشىد، كۈيقاباد پادىـــشاھـلاردىن
قالغان قەسىر ئىزلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئاۋۇ باغچا مۇ-
سەللا («ھېيتگاھ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، شىراز شەھىرىدە
بىر قەدىمكى قەبرىستان يېنىدىكى مەشھۇر باغچىنىڭ نا-
مى)دەك قىلىدۇ. ئاۋۇسى ئەزۇد (شىرازدىكى بىر مەقبەرد-
ىنىڭ نامى بولۇپ ئەزۇد دەۋلە ئىسىملىك، 949 ـ 983 – –
يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان بىر پادىشاھ دەپنە قىلىنغان بىر
گۈمبەز) بولۇشى ئېهتىمالغا يېقىن... دۇنياۋى شائىرلارنى
تۇغقان، ئاجايىپ سەلتەنەت ساھىبلىرىنى ئۇزاتقان بۇ قە-
دىمكى شەھەر يەنىلا شۇنداق ھاياتىي كۈچكە تولغان، نەۋ-
قىران ۋە جەلپكار قىياپەتتە تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن 3000 يىل
مۇقەددەم شەھەر مەدەنىيىتىنى ياراتقان بۇ زېمىن ئاجايىپ
تارىخلارنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى.

نامىڭنى ئاڭلىغان ئەپسانىلەردىن،
تەرىپىڭ مەلۇمدى جەڭنامىلەردىن.
ئەي ئۇزاق تارىخنىڭ كاتتا كىتابى،
زوقلىناي سەندىكى سەھىپىلەردىن.
مەڭگۈگە قۇرىماس «بوستان»، «گۈلىستان»،
ئۆرگىلەي ئۆزۈلمەس زەمزەملىرىڭدىن.
سەدى ۋە ھافىزغا ئەقىل دۇنياسى
بەرگەنسەن ھېكمەتلىك ئەزىملىرىڭدىن.

ئۇزاق خىياللارغا ئەسىر بولۇپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ
سەزمەپتىمەن. سەپەرداشلىرىمنىڭ مېنى چاقىرىشىدىن ئې-
سىمگە كېلىپ، ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرىيەت ئىش-
خانىسى ئورۇنلاشقان بىنا تەرەپكە بۇرۇلدۇم. ئىنستىتۇت
مۇدىرى دوكتور پروفېسسور ئابدۇل مەھـدى رىـيازى،
دوكتور پروفېسسور ھەسەن ئەلى ئەپەندىلەر بىـزنىـڭ

www.uyghurkitap.com



يولىمىزغا قاراپ تۇرغانىكەن، ئۇلار بىلەنمۇ بىرەر سائەتتىن ئارتۇق قىزغىن سۆھبەتلەشتۇق. سۆھبىتىمىزنىڭ مەزمۇنى تېھراندىكى سۆھبەتلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولدى.

چۈشتە فەرەھمەند خانىمنىڭ تەكلىپى بىلەن شىرازنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرىدە توختاپ تاماقلانماقچى بولدۇق. بىز كىرگەن ئاشخانا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ناھايىتى پاكىز ۋە رەتلىك، ئىران مىللىي مىمارچىلىق ئۇسلۇبىدا بېزەلگەن سەرەمجان ئاشخانا ئىدى. تائاملار بۇيرۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن مەن ئاشخانىغا كىرگىچە دىققەت قىلغان بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى: ئاشخانا ئىشىكىدىن كىرگەنلا يەردە بىر يىگىت نان يېقىۋاتاتتى. ئەمما نان يېقىۋاتقان تونۇر ماڭا ئۆزگىچە كۆرۈندى. مەن ئەنە شۇ ناۋايلىققا قىزىقىپ قالغانىدىم. چۈنكى، «نان» ئاتالغۇسى ۋە «نانۋاي»، «تەنۇرە» دېگەن ئاتالغۇلار پارسلاردىن بىزگە كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىرگەنلىكىنى بىلەتتىم. بەلكى مەندىكى مۇشۇ چۈشەنچىلەر مېنى پارس ناۋاينىڭ ھۈنىرىگە قىزىقتۇرغان بولسا كېرەك. ناۋاي يىگىتنىڭ ھەرىكەتلىرى ناھايىتى چەبدەس ئىدى. ئۇ ناننى بىر تەرەپتىن قىزىغان تونۇرغا چاپلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن پىشقانلىرىنى تونۇردىن سويۇپ تۇراتتى. بىزنىڭ كاكچىمىز قېلىنلىقىدىكى نان بىردەمدىلا سارغىيىپ پىشاتتى. نان يېقىلىۋاتقان تونۇر ئۆزگىچە بولۇپ بىزنىڭ تونۇرلارغا ئوخشىمايتتى. ئىرانلىقلارنىڭ مەزكۇر تونۇرى ئادەمبويى ئېگىزلىكتە، ئىچى بىزنىڭ ھازىرقى كوچىلىرىمىزدىكى ئاممىۋى تېلېفون ئېسىلغان كىچىك تۇراقلارغا ئوخشايتتى. ناۋاي ناننى ئۆرە تۇرۇپ ياقاتتى. خېمىرمۇ ناھايىتى بوش بولۇپ، ناۋاي ئۇنى بىر تەرەپتىن ئۈزۈپ ئېلىپ ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە قولدا سوزۇپلا تونۇرغا چاپلايدىكەن. ناننى ئالدىن راسلىۋالمايدىكەن...

سەپەرداشلىرىم تامىقىمىزنىڭ تەييار بولغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. مەن تاماقلانغاچ زەمىر ئەپەندىدىن سورىدىم:

——پارسلارنىڭ نان يېقىشى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن، ئۇلار قەدىمدىن مۇشۇنداق نان تەييارلاپ يەمدىغاندۇ؟

زەمىر ئەپەندى فەرەھمەند خانىمدىن مېنىڭ سوئالىمنى سورىدى، خانىمنىڭ جاۋابىدىن كېيىن ئۇ ماڭا تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئېگىلىشىمچە، پارسلار ئەسلىي ناننى «نان سىنگك» (نانى سەنگەك) دەپ ئاتايدىكەن. مەنىسى «تاش نان» (تاشنىڭ نېنى) دېگەن بولىدىكەن. بۇنداق دېيىشىنىڭ سەۋەبى، پارسلار قەدىمدە خېمىرنى نېپىز تارتىپ قىزىغان تاشنىڭ ياكى قىزىتىلغان تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ پىشۇرۇپ يەيدىكەن...

تاماقتىن كېيىن فەرەھمەند خانىم بىزنى شىراز شەھىرى ئىچىدىكى شەيخ سەدىنىڭ قەبرىگاھىغا باشلاپ باردى. بۇ ھەيۋەت مەقبەرە كىچىكرەك، ئەمما بەك گۈزەل بىر باغنىڭ ئىچىدە ئىدى. باغ زاگراس تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى بىر جەننەت ئىدى. باغدا قۇشلار سايراپ تۇراتتى. زۇمرەت سۇلار ئېقىپ تۇراتتى. مەقبەرىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

ئوتتۇرا شەرقىلا ئەمەس، دۇنياغا مەشھۇر مۇتەپەككۇر شائىر شەيخ سەدىنى ئۇيغۇرلار بەك ياخشى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ «بوستان» ۋە «گۈلىستان» ناملىق ئەسەرلىرى ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام مەدرىسلىرىدە مۇھىم دەرسلىكلەردىن بىرى بولۇپ كەلگەن. شەيخ سەدى (1202 ـ 1292)نىڭ مەزكۇر ئەسەرلىرى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان قولدىن قولغا كۆچۈرۈلۈپ كۆپ خىل تىللاردا نەشر قىلىنىپ كەلگەن. ئىراندىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە، مىسىر، ئافغانىستان، كاۋكاز بويلىرى ۋە ياۋروپادىكى بەزى ئەللەردە تاش باسما ۋە مىخ مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققان نۇسخىلىرىلا 200 خىلدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. «بوستان»، «گۈلىستان»دىكى ھەر بىر ھېكايەت ۋە خۇلاسىۋى دېداكتىك شېئىرلار 800 يىلدىن بۇيان كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورۇنلىشىپ، ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى بېيىتىپ، ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئىنسانىي ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە تەربىيىلەشتە قىممەتلىك دەستۇر بولۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، شەيخ سەدى ھەقىقەتەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە ئالەمشۇمۇل شائىر. مانا شۇنداق بىر ئۇلۇغ ئىنساننىڭ ياتقان مۇبارەك يېرىنى زىيارەت قىلىشنىڭ بىزگە نېسىپ بولغىنى تەقدىرنىڭ تولىمۇ كاتتا ئىنئامى ئىدى، ئەلۋەتتە!

شەيخ سەدىنىڭ مازىرىغا كېتىۋېتىپ كىچىكىمدە يادلىۋالغان «گۈلىستان»دىكى ئاجايىپ مىسرالار خىيالىمدىن كەچتى:

ئىلىمنى قانچىلىك ئۆگەنسەڭ ئۆگەن،
مۇبادا ئىشلەتمىسەڭ سەن يەنە نادان.
ئەمەسسەن نە ئالىم، نە بىر دانىشمەن.

تۆت پۇتلۇق ئېشەكسەن كىتاب يۈكلەنگەن.
ئۇ بىر ئەقىلسىز، ھېستىن بىخەۋەر،
بىلمەس ئۈستىدىكى ئوتۇنمۇ، دەپتەر.

* * *

ئەزگۈچى زالىم بولمىسۇن سۇلتان،
بۆرىدىن چىقماس ھەرگىزمۇ چوپان.
......................

بىز شەيخ سەدى مازىرىنى ئىككى سائەتچە تاۋاپ قىلدۇق. ئاندىن ماشىنىدا 20 مىنۇتتەك يۈرۈپ شىرازدا تۇغۇلۇپ، شىرازدا ۋاپات بولغان يەنە بىر دۇنياۋى مۇتەپەككۇر، پارس بەدىئىي تىلىنىڭ ئەڭ لەززەتلىك بال (ھەسەلەست) قۇيغۇچى شائىرى ھافىز شىرازى (1320 ـ 1389)نىڭ مەقبەرىسى بار باغچىغا كەلدۇق. ھەيۋەتلىك مەقبەرە ئالدىدا ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىپ ياپراقتەك تىترەيتتى. ھاياجان ئىلكىدە يۈرىكىم كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى خىيالىمدىن كەچتى:

ئەگەر ئالسا تۇرك گۈزىلى ئۆز ئىلكىگە كۆڭلۈمنى،
قارا خالىغا بەرگەيمەن سەمەرقەندۇ بۇخارانى.
............

نېمىدېگەن قالتىس شېئىرىي تەسەۋۋۇر ـ ھە! شىرازىنىڭ ھەممىلا مىسرالىرى ئەنە شۇنداق تەسەۋۋۇرغا باي، گۈزەل. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىمۇ ئەينى چاغلاردا ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئىران خەلقى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ھافىز شىرازىنىڭ بۇ ئۇلۇغ قەبرىگاھىنى ئۈزۈلمەي تاۋاپ قىلىپ كېلىدىكەن. ھەقىقىي مۇتەپەككۇرلار ئۆلمەيدۇ، دېگىنى ئاشۇ ئىكەن.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، بىز فەرەھمەند خانىمنىڭ رەھبەرلىكى (يول باشلىشى) بىلەن شىراز شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا ئەتىمالىم 100 كىلومېتىرلا كېلىدىغان جايدىكى قەدىمكى ساسانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئوردا خارابىسىگە باردۇق. بۇ، كۆلىمى ناھايىتى زور ھەشەمەتلىك ئوردا بۇنىڭدىن 2500 يىل ئىلگىرىكى پادىشاھ جەمشىد تەختتە ئولتۇرغان زامانلاردا بەرپا قىلىنغان ئاجايىپ گۈللەنگەن ۋە قۇدرەت تاپقان بىر دەۋرنىڭ شاھىدى ئىدى. ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپى تاشتىن ئويما شەكىلدە ھەيۋەت قىلىپ ئىككى دۇلدۇلنىڭ كىشنەپ تۇرغان ھەيكىلىدە ياسالغان. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن ئىككى تەرەپكە ھەيۋەت ۋە ئېگىز تاش تاملار ئورنىتىلغان بولۇپ، تاملارنىڭ يۈزىگە قەدىمكى سومېر يېزىقىنىڭ 3 ـ باسقۇچلۇق تەرەققىياتىنىڭ سەمەرىسى بولغان، قەدىمكى ئىران يېزىقىدا خانلىق ھەم ئوردا تارىخى ئويۇلغان. ئوردا ئىچىدىكى پۈتۈن تاشلاردا ئويۇپ چىقىرىلغان ھەيۋەت تۆۋرۈكلەر كىشى ئەقلىنى لال قىلاتتى. بۇ ئوردا قەسرىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش ھەقىقەتەن تەسكە توختايدىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۈگۈنكى ۋەيرانە بولغان خارابىسىدىنمۇ ئۆز ۋاقتىدىكى پۈتۈن ئوردا قەسرىنىڭ مۇكەممەل سىماسىنى كۆرگىلى بولاتتى. گرېك شاھزادىسى ئالېكساندىر ماكادونسكىي مىلادىدىن ئىلگىرىكى 330 ـ يىلى 12 ـ ئايلاردا بۇ زېمىنغا قۇيۇندەك كېلىپ بۇ قەدىمىي ئوردىنى ۋەيرانە قىلىپ تاشلىمىغىنىدا ئىدى، تەبىئەتنىڭ بوران ـ چاپقۇن، قار ـ يامغۇرلىرى ئۇنىڭغا زەخمەت يەتكۈزەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەندۇق. ھازىرمۇ ئەينى زامانىدىكى نەقىشلەر، سىزىقلار ۋە رەڭلەر ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ جەڭنامە ۋە رىۋايەتلىرىمىزدە جەمشىدنىڭ ئاجايىپ قۇدرەتلىك پادىشاھ دەپ تەسۋىرلىنىشى ئاساسسىز ئەمەس ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئىراندا قەدىمكى گۈللەنگەن مەدەنىيەت ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئەمما بىزنىڭ ئىراندا تۇرىدىغان ۋاقتىمىز بەكلا قىسقا بولۇپ قالغاچقا ئەپسۇسلۇق ئىچىدە قايتىش سەپىرىگە تەئەددۇت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆلمەس تۆھپىلەر قوشقان مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن ۋە مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن تەبرىز، ھەمەدان، ئىلام، مەشھەدلەرنى كۆرۈپ چىقىشقا، ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم قەدىمىي سەنئەت خەزىنىسى بىخستون قىيا سۈرەتلىرىنى زىيارەت قىلىشقا يەنە شۇ ۋەجىدىن مۇمكىنچىلىك بولماي قالدى. بۇ ئاجايىپ كەچمىشلەرنىڭ گۇۋاھچىسى ھەم قاتناشقۇچىسى بولغان ئېغىر ـ بېسىق زېمىن يەنە نۇرغۇن ھېكايىلەرنى بىزگە ئېيتىپ بېرىشكە تەييار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كەچمىش تارىخىنى، ئىنسانىيەت ئەقلىي تەپەككۇر مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىنى ئۆزى يېتىشتۈرگەن ئالىملار ۋە بىلگىنلەر ئۆلمەس ئەسەرلىرىدە يېزىپ قالدۇرغانىدى. چۈنكى، ئۇزاق تارىختىن بۇيان بۇ ۋادىلار ئەلبۇرۇز قوچىقى، زاگراس ئېتىكى، خۇراسان ۋادىلىرى دانىشمەنلەر دانىشگاھى ئىدى.

2006 ـ يىلى 9 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

# ئادەمىيەت روھى ۋە ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش

ۋاڭ مېڭ



سالام كۆپچىلىك! مەن يەنە گۈزەل شىيامېن دىيارىغا سىلەر بىلەن بەزى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا كەلگەنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. شىيامېن شەھىرىدە مۇشۇنداق بىر ئادىمىيەت مۇنبىرىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى مېنىڭچە ئىنتايىن ئەھمىيەتكە ئىگە. ئادىمىيەت روھى بىلەن ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش ناھايىتى چوڭ تېما. بۇ، بەك چوڭ مەسىلىلەرگە بېرىپ چېتىلىدۇ. مەن بۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيمەن، پەقەت مەلۇم، ئالاھىدە بەلگىلەنگەن تۇرغۇدىن، يەنى ئەدەبىيات ۋە قىممەت تۇرغۇسىدىن بەزى مەسىلىلەرنىلا مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، نېمە ئۈچۈن ھازىر ئادىمىيەت مەسىلىلىرى ناھايىتى گەۋدىلىك چېلىقىدۇ؟ پۈتۈن دۇنياغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بار. بۇ ئارقا كۆرۈنۈش يېقىنقى 100 يىلدىن، بولۇپمۇ يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان ئېنىق نامايان بولۇۋاتىدۇ. پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، مەيلى ئۇچۇر تېخنىكىسى، ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى، ماتېرىيال تېخنىكىسى، ئېنېرگىيە تېخنىكىسى ۋە ھاياتلىق ئىلمى بولسۇن ھەممىسى بىر يېڭىچە قىياپەت ئېلىپ كەلدى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۆلچىمى، تۇرمۇش سۈپىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن

مۇمكىنچىلىكلەرگە ئېرىشتى. جۇڭگودىمۇ شۇنداق. بولۇپمۇ، يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ جەھەتتە ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بولدى. بىراق شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئادىمىيەت ئىلمىدە زادى قانچىلىك ئىلگىرىلەشلەر بولدى، ئۇ قايسى يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، بىزگە قانداق يېڭى ئېتىقاد، قائىدە ۋە مەنزىللەرنى نامايان قىلىپ بەردى، دەپ سورالسا، بىز بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمىز. شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، ھازىرقى كومپيۇتېر تېخنىكىسى جۇڭگولۇقلار ياقتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان چوتتىن بەكلا ئىلغارلىشىپ كەتتى. بىراق بىزنىڭ ھازىرقى پروزا ئەسەرلىرىمىز 1000 يىلدىن ئىلگىرىكى ياكى 200 يىلدىن ئىلگىرىكى ئەسەرلەردىن ياخشى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيمىز. بىز ھازىر جۇڭگودىكى مەلۇم بىر پەيلاسوپنى دانالىقتا ئەينى ۋاقىتتىكى كۇڭ زىدىن ئېشىپ كەتتى دېيەلمەيمىز ھەم ئۇنداق كىشىنىمۇ تاپالمايمىز. ئادىمىيەت ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى تەبىئىي پەنلەرگە ئوخشىمايدۇ، تەنتەربىيىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدا ئومۇم ئېتىراپ قىلىدىغان ئۆلچەم يوق. شۇڭا، كىشىلەر بەزىدە ئادىمىيەت ئىلمى زادى قايسى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغاندۇ، دەپ بىلەلمەي قالىدۇ.

ئىككىنچى، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلدى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلدى، بىراق بۇنىڭ بىلەن يېڭى بىر زىددىيەت پەيدا بولدى، ھەتتا بۇ يېڭى زىددىيەت بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. غەرب دۆلەتلىرىدە مۇنداق بىر خىل قاراش بار، مەن بۇنىڭغا يېرىم ـ ياتا ئىشىنىمەن. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ قارىشىدا مۇئەييەن ئاساس بار. ئۇلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: «يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئادىمىيەت، پەن ـ تېخنىكا، ئىقتىساد، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ قاتارلىقلاردا ناھايىتى چوڭ تەرەققىياتلار بولدى، بىراق كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن قانائەتلىنىش دەرىجىسى يەنىلا 70 ـ يىللار بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ». ئۇلار قانائەتلىنىش دەرىجىسىنى قانداق ستاتىستىكا قىلدى، ماڭا تازا ئايان ئەمەس، شۇڭا بۇ گەپنى دېگەندەك مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كېتەلمەيمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر يۈز كىشىنى تېپىپ، ھەر بىر ئادەمدىن سىز ھازىرقى تۇرمۇشتىن قانائەتلىنەمسىز، قانچىلىك دەرىجىدە قانائەتلىنىسىز؟ دەپ سوراپ يۈرسەك بولامدۇ؟ چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ قانائەتلىنىش دەرىجىسىنىڭ چېكى بولمايدۇ. «مەن ھازىر ھەممە جەھەتتىن قانائەت تاپتىم، ئەمدى ھېچقانداق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم قالمىدى، مۇشۇنداق ئۆتسەملا بولدى» دەپ جاۋاب بېرىدىغان ئادەملەرنى تېپىش تەس. مېنىڭچە، بۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. بىراق بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى يوللۇق. چۈنكى، ھازىر ھېچكىم ئۆزىنى بەختلىك دەپ ئېيتالمايدۇ. جۇڭگودىمۇ شۇنداق ئەھۋاللار بار.

ئۇنىڭدىن سىرت، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان مەزگىلدە، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي قىياپىتى، قىممەت قارىشى، پەن ـ تېخنىكىغا ئوخشاش بۇنداق قەدەممۇقەدەم يۈكسىلىشى ناتايىن. ئەكسىچە، ھازىر نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. بۇ يېڭى مەسىلىلەر كىشىلەرنى تېخىمۇ چوڭ، مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغاندەك قىلىدۇ. يەنى كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. خرىستىئان دىنىي مەدەنىيىتى گۇناھ، مېھرىبانلىق، جەننەت ۋە ئىبادەت قاتارلىق قاراشلارنى روياپقا چىقاردى؛ يەنە بىرمۇنچىلىرى ئۆتكۈر ئاڭ ئىدېئولوگىيىسىنىڭ قارشىلىشىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئېتىقاد بولۇپ، ئۇ بىر خىل قايناق ھاياجان، ئۇنى ھەتتا قىممەت ھاياجىنى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كىشىلەر بۇ خىل ئېتىقاد ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىۋېتەلەيدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ قۇربانلارنىڭ: «ھېچ گەپ ئەمەس كېسىلسە كاللا، پەقەت قالسا بۇندا ھەقىقەت، بىر شامىڭخەن ئۆلگىنى بىلەن، ئىز باسىدۇ ئەۋلادلار ئەبەد» دېگەن شېئىرى؛ «خۇڭخۇ كۆلىنى قوغدىغۇچىلار» دېگەن فىلىمدىكى «پەسەنتىمگە كەلمەيدۇ ئەسلا، تەڭلەنسىمۇ قىلىچ بوينۇمغا» دېگەن مەردانىلىك؛ «قىزىل قىيا» رومانىدىكى خەلق ئۈچۈن ھاياتىمنى تەقدىم قىلىشتا «رەڭگىم ئۆچمەي تۇرىمەن مەزمۇت» دېگەن قەسەمىيادلار بىر خىل كۈچلۈك ئاڭ ئىدېئولوگىيىسىدىكى كۆرەشچانلىقنىڭ ئىپادىسى، بىراق پەننىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىككى قۇتۇپتىكى

دۇنيانىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەيلى دىنىي ئېتىقاد بولسۇن ياكى ئاق ئىدېئولوگىيىسى جەھەتتىكى قاتتىق ھاياجان بولسۇن، ھەممىسى مەلۇم خىل خىرىسقا ئۇچرىدى. ئىلگىرى نىتزى «خۇدا ئۆلدى» دەپ جاكارلىغان؛ چۈنكى، پەننىڭ تەرەققىياتى بۇرۇنقى ناھايىتى كۆپ ئەپسانىۋى، دىنىي كۆز قاراشلارنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، مۇھىت مەسىلىسىنىڭ كۈنسېرى گەۋدىلىك بولۇپ كېتىشى بىلەن ھازىر «خۇدا ئۆلدى» لا ئەمەس، يەنە «ئادەملەر ئۆلدى» دەيدىغان قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇ، ئىلىم ـ پەننىڭ ئادەم كائىناتنىڭ مەركىزى ئەمەس، كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەر ئادەمنى چۆرىدەپ، ئادەملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ، دېگەننى كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە، ئادەملەر كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىگە، كەڭ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە، يەر شارىنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئادەملەر پەقەت بۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى نۇرغۇن مەيلى ئىلاھىي، ياكى گۇمانىي قىممەت قاراشلىرى بولسۇن ھەممىسى خىرىسقا دۇچ كەلدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى بىلەن، ئىككى مەنبەچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق، كەسكىنلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رومانتىزم، غايىۋىزم ۋە كۈرەش ھاياجىنىدىن ئىبارەت ئىدېئولوگىيە ئېلىپ كەلگەن ئۇ خىل قىممەتنىڭ كۈچلۈك دەرىجىسى، قىممەتنى تولۇقلاشمۇ خىرىسقا دۇچ كەلدى. بۇ خىل قىممەتنى تولۇقلاشتا، ئەگەر سىز پىدائىي قىسىملار بىلەن ئاكوپلاردا بولسىڭىز خىرىسقا ئۇچرىمايسىز، چۈنكى بۇ چاغدا سىز ئامېرىكا قىسىملىرىنىڭ كۈچلۈك توپ ئوقلىرىغا، ھالاكەتكە، ئەجەل ئىلاھىغا دۇچ كەلگەن بولىسىز، سەپداشلىرىڭىز سىز بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە ئاتلانغان بولىدۇ. ئەكسىچە، قارشى تەرەپمۇ مۇشۇ خىل ھالەتتە تۇرغان بولىدۇ. «9 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن ئىلگىرى (بۇنىڭغىمۇ ھازىر 98 يىل بولۇپ قالدى)، ئامېرىكىدا بىر تېررورلۇق ۋەقە يۈز بەردى، بۇنى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزى قىلغان، ئوكلاخوما شتاتىدا ۋېيتنام ئۇرۇشىغا قاتناشقان بىر ئەسكەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنى پارتلىتىۋەتكەن، بۇنىڭ بىلەن نەچچە يۈز ئادەم ئۆلگەن، نۇرغۇن ئادەم ئېغىر يارىلانغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاياللار ۋە كىچىك بالىلارمۇ بار ئىدى. سەۋەبى ھېلىقى ئەسكەر ۋېيتنام ئۇرۇش مەيدانىدىن ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىپ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىنتايىن چىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئامېرىكىنىڭ ئىلگىرىكى دۇنيانى قۇتقۇزۇشتىكى بۇرچ تۇيغۇسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، كۆڭۈل بويىي ناخشا ـ مۇزىكىغا مەستانە بولۇشۇپ، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ، جىنسىي ئازادلىقنى تەرغىپ قىلىپ، ئاچكۆز، نەپسانىيەتچى، شەرمەندە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئامېرىكا خەلقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چوقۇم قاتتىق پارتلىتىش ۋەقەسى تۇغدۇرۇپ چۆچۈتۈش كېرەك، دەپ قارىغان.

تېررورلۇق مەسىلىلىرى توغرىسىدا بۇ يەردە توختالمايمەن. چۈنكى مەن تېررورلۇق مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلمايمەن. مېنىڭ خىزمىتىمنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بىلەن ھېچقانداق زىچ ئالاقىسىمۇ يوق. خەلقئارا سىياسىي سۈپىتىدە ئۇنى قانداق ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى بۇ يەردە سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن. قانۇن مەسىلىسى سۈپىتىدە، تېررورچىلارغا، ئۇنسۇرلارغا قانۇنىي قانداق ئۆلچەم قىلىش توغرىسىدىمۇ يېتەرلىك جاۋاب بېرەلمەيمەن. بىراق بۇ يەردە مۇنداق بىر چوڭ قىممەت ئىختىلاپى بار، يەنى ھازىرغا كەلگىچىلىك پۈتۈن دۇنيادىكى ئاساسىي مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ھاياتنىڭ قىممىتىنى قوغداش نۇقتىسىدا تۇرۇپ كەلدى، بىراق ئەلقائىدە (بازا) تەشكىلاتىدىكىلەر ھاياتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويمايدۇ. «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، ئامېرىكا ئافغانىستانغا قورال ئىشلىتىدىغان چاغدا، بىن لادېننىڭ بىر باياناتچىسى بىر ئابزاس سۆز قىلغان. «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگەندە مەن ئامېرىكىدا ئىدىم. مەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ ئىشنى مۇھاكىمە قىلىشقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ھېلىقى باياناتچى: «ئامېرىكا ھەممىگە ئىگە، ئەمما بىزنىڭ جېنىمىز بىلەن تېنىمىزلا بار، شۇڭا بىز ئامېرىكا بىلەن جەڭ قىلىمىز، بىز بۇ جەڭگە جېنىمىزنى تىكتۇق، بۇ جەڭنى ئاخىرلاشقىچە داۋاملاشتۇرىمىز. خۇددى ئامېرىكىلىقلار ھايات قېلىشنى ئارزۇ قىلغانغا ئوخشاش بىزمۇ ئامېرىكىلىقلار بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆلۈپ كېتىشنى ئىستەيمىز» دېگەن. بۇ خىل قىممەت قارىشى ئالدىدا غەربلىكلەر ھەقىقەتەن ئامالسىزدۇر. بۇ كىشى، سەن ھايات قېلىشنى ئارزۇ

قىلسالا مەن جەڭ قىلىپ ئۆلۈپ كېتىشنى تىلەيمەن، دې-
گەن. بۇ چاغدا مەن لاۋزىنىڭ: «خەلق ئۆلۈمدىن قورق-
مىسا، ئۇنى ئۆلۈم بىلەن قورقۇتۇش نە ھاجەت» دېگەن
سۆزىنى يادىمغا ئالدىم. تېررورلۇقنى ھېچكىم ياقتۇرماي-
دۇ، بىراق بۇ ئىش ھەقىقەتەن ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. 18
ياشلىق بىر ساھىبجامالنىڭ بەدىنىگە پارتلاتقۇچ بومبا
تېڭىۋالغانلىقىغا نېمە دەيسىز. نېمە ئۈچۈن قىممەت جە-
ھەتتە بۇنداق چوڭ ئىختىلاپلار، قىممەت جەھەتتىكى
مۇشكۇل ئەھۋال ۋە قىممەت جەھەتتىكى بوشلۇقلار كېلىپ
چىقىدۇ. مېنىڭچە، مۇنداق ئۈچ سەۋەب بار:

بىرىنچى، پەن- تېخنىكا بىلەن ئىقتىساد يۇكسىلىپ
ئورغۇن ئادەملەرنىڭ ياشاش مەسىلىسى ئاساسىي جە-
ھەتتىن ھەل بولدى. ئەمما ياشاش مەسىلىسىنى ھەل
قىلىش، دەرھال كىشىلەرگە ئىككىنچى قېتىملىق باش قې-
تىنچىلىق ئېلىپ كەلدى، يەنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا يا-
شاشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى نېمە؟ دېگەنلەرنى ئوتتۇ-
رىغا قويدى. ياشاش مەسىلىسى ھەل بولۇشتىن ئىلگىرى،
مەنىۋى تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىر قەدەر
ئاسان ئىدى. مېنىڭ 1958 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە
بولغان 20 نەچچە يىل ئىچىدىكى كۆپ ۋاقتىم يېزىدا
دېھقانلار بىلەن ئەمگەكتە ئۆتتى. مەن دېھقانلار ئۈچۈن
بىرىنچى مەسىلە قانداق قىلغاندا ئۆلۈپ كەتمەي تىرىك
ياشىغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئاش- تاماققا، تورال-
غۇغا، كىيىم- كېچەككە ئىگە بولغىلى بولىدۇ، دېگەنلەرنى
چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم. بىر پارچە رەخت سېتىۋېلىش ئۈ-
چۈن رەخت بېلىتى بولمىغاندا قولياغلىق سېتىۋېلىپ،
چوڭراق بەش دانە قولياغلىق بىلەن كۆڭلەك تىكىپ كې-
يىش، ياتىدىغان كۆرپە بولمىسا، شال پاخلىنىڭ ئۈستىگە
كىرلىكنى سېلىپ كارىۋات قىلىپ يېتىش، قەھرىتان قىشنى
ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن باشنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىش، ئە-
تىيازدا يەرگە قانداق قىلىپ بىر ئۇرۇق سېلىۋالارمەن،
دەپ ئېغىر ئۇھسىنىش... مانا بۇلار قانداق جان كەچۈ-
رۈش مەسىلىسى. ئۇ چاغلاردا مەن زىيالىيلارنىڭ تۇر-
مۇشلىرى بەك ئەيش- ئىشرەتلىك دەپ ھېس قىلاتتىم.
چۈنكى، زىيالىيلار: مەن تىرىك ياشىغان ئىكەنمەن نېمە
قىلىشىم كېرەك؟ ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ دەپ ئويلى-
ناتتى. دېھقانلار جېنىنى جان ئېتەلمەيۋاتسا، ھاياتنىڭ
ئەھمىيىتىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچالايدۇ؟ ئالدى بىلەن ھا-
ياتىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئاندىن بۇ گەپلەرنى
دېيىشسەك بولىدۇ. مەسىلەن، سىز ئاچ قالسىڭىز، ھەرگىز
ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئويلاش-
مايسىز، بىر پارچە ناننىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئويلىشىپ
ئولتۇرمايسىز، قوناق، تاتلىقياڭيۇ، يەر ياڭىقى، گۆش قا-
تارلىقلار قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە دېگەنلەر بىلەنمۇ ھې-
سابلىشىپ ئولتۇرمايسىز. ناۋادا مەن ناھايىتى ئاچ قالغان
بولسام، سىز كېلىپ مەن بىلەن تاتلىقياڭيۇنىڭ ئەھمىيىتى
ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشسىڭىز، گەپلىرىڭىز قۇلىقىمغا
مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق گەپلەرنى
قورساق تويغاندا دېيىشسە ئاندىن خۇشياقىدۇ. شۇڭا، يا-
شاش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش چەكسىز باش قېتىنچىلىق-
لارنى ئېلىپ كەلدى، ۋەھالەنكى، بۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە
قىممىتىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەر مەلۇم
ئەھمىيەت جەھەتتە ياشاش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتىنمۇ
ئاۋارىچىلىك.

ئىككىنچى، ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ
قارشى كۆرەشنىڭ بوشىشى كىشىلەرنى روھىي جەھەتتە
بوشاشتۇرۇۋەتتى. ئامېرىكىنىڭ ھوللىۋودتا ئىشلەنگەن
مۇنداق بىر تېررورلۇق فىلمى بار، ئۇچىغا چىققان بىر
مۇنچە ئۇنسۇرلار ئامېرىكىنىڭ بىر يادرو سۇ ئاستى كې-
مىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، سۇ ئاستى كېمىسىدىكى يادرو
قورالى بىلەن ئامېرىكىنى يوقاتماقچى بولىدۇ. بۇ بايام بىز
تىلغا ئالغان ئوكلاخوما شتاتىدىكى تېررورچى ئۇنسۇرلار
بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ، ھېلىقى تېررورچى ھازىر مەن ئا-
مېرىكىنىڭ 60 - يىللىرىنى ئەسلەۋاتىمەن، 60 - يىللاردا
ئامېرىكىلىقلار كوممۇنىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈ-
چۈن، ۋېيتنامدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كۆرەشچانلىقىنى نامايان
قىلغان، ئۇ چاغدا بىز قۇربان بولۇشتىن قورقمايتتۇق،
ئەركىنلىك ئۈچۈن جېنىمىزنى تەقدىم قىلالايتتۇق، ئەمما
ھازىر جەڭگىۋارلىقىمىز يوقالدى، دەيدۇ.

ئۈچىنچى، تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئا-
دەمىيەت ئىلمىنى نىسبەتلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. تەبىئىي
پەن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ.
قىسقىسى، ئادەم ياسىغىلىمۇ بولىدۇ. بىراق قوشنىلىرىڭىز
بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياكى نىكاھتىن ئاجراشماقچى

بولغان ئەپەندى بىلەن خانىمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلاي دەپ ئويلىسىڭىزمۇ قىلالمايسىز. بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ، ئىجتىمائىي تەرتىپ، ئەخلاق، ھەممىدە پۇلنى يۇكسەك بىلىش، چىرىكلىك، جىنايەت، قەبىھ دېلولار قاتارلىق ئىشلار سان ـ ساناقسىز.

شۇڭا، مەيلى خەلقئارادا ياكى جۇڭگودا بولسۇن بىر خىل دولقۇن بار، بۇ خىل دولقۇن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىدىن، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن، زامانىۋىلاشتۇرۇش، زامانىۋىلىق، بولۇپمۇ يەرشارىلىششتىن گۇمان قىلىدۇ. بۇ دولقۇن ئىنتايىن مودا، ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ يۈرىدۇ. ئەگەر ھازىر پاراڭ ئارىلىقلىرىدا زامانىۋىلىقنى، ئىلىم ـ پەننى تازا تاللىۋالمىسا، خۇددى بۇ قاراش ئىلغار ئەمەستەك، دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمىگەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

بىراق بىزنىڭ جۇڭگودا يەنە مۇنداق بىر تەرەپ بار، يەنى سىزنىڭ ئىقتىسادىڭىز چوقۇم يەنە ئازراق يۇكسەلگەندىن كېيىنلا ئاندىن غۇدۇرىسىڭىز بولىدۇ. «ھازىر ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان بىلەن بىراق ئەخلاق جەھەتتە بارغانچە چېكىنىپ كېتىپ بارىمىز، مەنىۋىيىتىمىز بارغانچە قۇرغاقلىشىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانچە بۇزۇلۇپ كېتىپ بارىدۇ»، ئېھتىمال بۇنداق غۇدۇراش ۋە تەنقىدلەر توغرا ۋە دانا بولۇشى مۇمكىن، بىراق ھەممىسىنىڭ بىر ئاساسى بار، يەنى قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، بۇنداق تەنقىدلەر ئوتتۇرىغا چىقالايدۇ. يېقىندا بېيجىڭدا بىر يىغىن ئېچىلدى، مەملىكەتلىك كۈتۈپخانىنىڭ باشلىقى رېن جىيۇ سۆز قىلىپ: بىز مەنىۋى تۇرمۇشنى شۇنداق مۇھىم دەيمىز، ئەمما بۇ گەپلەرنى ئىقتىساد ئاز ـ تولا تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەندىلا دېسەك بولىدۇ. خۇددى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئاۋۋال ئالتۇن مېداللارغا ئېرىشىپ، ئاندىن سالاپەتكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز توغرىسىدا سۆز ئېچىشقا بولغىنىدەك، دېدى.

ئەگەر سىز بىرمۇ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشەلمىسىڭىز، سالاپەتتىن قانداق ئېغىز ئاچالايسىز، بۇ چاغدا قىلغان سۆزىڭىزنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ. نەچچە ئون مېدالغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئاندىن سالاپەت، خىسلەت، دوستلۇق قاتارلىق جەھەتلەردە بىز دېگەن ئاجايىپ بىر مىللەت دېسىڭىز سىزنى ئەيىبلەپ كېتىشكە بولمايدۇ. سىز خېلىلا ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولسىڭىز ئاندىن كىشىلەر سىزنىڭ سالاپىتىڭىزگە دىققەت قىلىدۇ. ئەگەر تاللىنىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگىمۇ ئېرىشەلمىسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇياق ـ بۇياقلارغا بېرىپ ئاۋارە بولماي سالاپىتىڭىزنى ئۆيدىلا نامايان قىلغىنىڭىز تۈزۈك!

ئىلىم ـ پەنگە بولغان تەنقىدمۇ شۇنداق. بىز ئىلىم ـ پەننى تەنقىد قىلغان ۋاقتىمىزدا جۇڭگونىڭ ئىلىم ـ پەن جەھەتتە يەنىلا ئىنتايىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويمايلى، جۇڭگودا خۇراپىيلىق، نادانلىق، قالاقلىق توغرىسىدىكى ئىشلار تولۇپ تۇرۇپتۇ. ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ بىر يېزىسىدىكى بىرەيلەن تۇيۇقسىز ئۆزىنى يېقىندا مەن تەڭرىقۇت (پادىشاھ) بولماقچى دېگەن، ئۇنىڭ گېپىگە يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنگەن ھەم قىزلىرىنى خانىشلىققا ئەكىلىپ بەرگەن، يېزىدا ئىشەنمىگەندىن پەقەت ياچىيكا شۇجىسىلا قالغان، بىر قېتىم ياچىيكا شۇجىسى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر توپ ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئولىشىۋالغانلىقىنى، بىرلىرىنىڭ تىزلىنىۋاتقانلىقىنى، يەنە بىرلىرىنىڭ بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرغانلىقىنى، ھېلىقى ئادەمنىڭ بولسا رەسمىي پادىشاھتەك غادىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر نەچچە قەدەم ئۆتۈپ كېتىپ قورقۇنچ ھېس قىلىپ: كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشەندى، مەنلا قالدىم، كېيىن ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە قانداق قىلارمەن، دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىككى قېتىم باش ئۇرۇپ ئاندىن ئۆز يولىغا راۋان بولغان. شۇ يىلى شەرقىي شىمالدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش يۈز بەرگەن. بىر ئايال باخشىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ئېرىنى ئەمدى ئۇ مېنىڭ ئېرىم ئەمەس، ئۇ بىر قارا يىلان، دەپ جار سالغان. بۇ گەپكە ھەممە ئادەم ئىشەنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنى باغلاپ ئاشخانا ئۆيگە سولاپ، ئوتۇن ـ سامانلار بىلەن ئىسلاپ تىرىك كۆمۈۋەتكەن. ئۇنى ئۆكەككە (جەسەت ساندۇقى) سالغاندا ئۇ يىغلاپ ـ ۋارقىراپ كەتكەن، بۇنى كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىغان. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئېرىدە ھېچقانداق كېسەل يوق ئىدى. كېيىن ئەدلىيە ئورۇنلىرى مۇشۇ ئىش

ئۈچۈن ئۇن نەچچە ئادەمنى قولغا ئالغان. بىر قېتىم مەن
مەلۇم بىر بۇتخانىغا بارسام، بۇتخانىدىكىلەر مېنى كۆجە
كۆيدۈرگۈزۈپ، ماڭا بۇ يەردە ھەر يىلى «ئىككى يىغىن»
ئېچىلىپ، نۆۋەت ئالماشقان چاغدا ھەر دەرىجىلىك كا-
درلار كېلىپ كۆجە كۆيدۈرىدۇ، دېدى. يەنە يېقىندا تې-
لېۋىزوردىكى مۇنداق بىر پروگراممىغا كۆزۈم چۈشۈپ
قالدى. ئۆي - مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتىنىڭ بىر باش
دىرېكتورى «ئىلاھىي خورازنىڭ باھا بېكىتىش مۇراسى-
مى» ئۆتكۈزدى. ئۇ بىر خوراز بېقىپ، ئۇنى ئىلاھىي
خوراز دېگەن. ئۇ ھەر قېتىم بىر تۈرلۈك بىنا سالغاندا بۇ
تۈرلۈكنىڭ باھاسىنى ئىلاھىي خوراز بېكىتىدىكەن. ئۇ بىر
قەغەزگە تۆت خىل باھانى يېزىپ، بىرىگە ھەر كۋادرات
مېتىرى 4200 يۈەن دېسە، يەنە بىرىگە ھەر كۋادرات مې-
تىرى 5200 يۈەن، دېدى. يەنە بىرىگە 5800 يۈەن دەپ
يازسا، يەنە بىرىگە 6400 يۈەن دەپ يازدى. ئاندىن بىر
توپ ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ، خۇددى دىنىي مۇراسىم
ئۆتكۈزگەندەك، بۇ ئىلاھىي خورازنى ھاۋاغا بىر ئېتىۋېدى
پالاقشىپ بېرىپ بىر قەغەزنىڭ ئۈستىگە «پاقىدە»
چۈشتى. قەغەزنى ئېلىپ شۇنداق قارىۋېدى 4800 يۈەن
بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈكنىڭ ھەر كۋادرات
مېتىرىنى 4800 يۈەن دەپ بېكىتتى. دېمەك، شىركەتنىڭ
بارلىق مۇھىم تەدبىرلىرىنى مۇشۇ ئىلاھىي خوراز چىقى-
رىدىغان بولغان. بۇ خوراز نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن،
يەرلىكتىكى پۇقرالارمۇ بۇ ئىلاھىي خورازنىڭ تىجارەتنى
بىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. شۇڭا، مۇشۇنداق بىر خىل
دۆلەت ئەھۋالىدا، ئىلىم - پەننى تەنقىد قىلىشتىن مەن تازا
خاتىرجەم بولالمايمەن، ئاجىزلىق ھېس قىلىمەن. مېنىڭچە،
بىز يەنىلا ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇشىمىز ۋە ئېتقا-
سادنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز، ئاندىن مۇشۇ ئاساستا بەزى
مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك.

مەن ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىمەن، ئىلگىرى بىر-
مۇنچە پروزا ئەسەرلەرنى يازغان. شۇڭا مەن تۆۋەندە
ئەدەبىياتنىڭ بىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىمىز، بىز-
نىڭ قىممەت سىستېمىمىزنى نېمىلەر بىلەن تەمىنلەپ،
بىزگە قانچىلىك ياردەم بېرەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا توختى-
لىپ ئۆتىمەن. ئەدەبىيات ئۇ، دىنىنىڭ پىرىغا ئوخشىمايدۇ،
شۇنداقلا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىختىرا قىلغۇچى،
ئىجادچىغا ئوخشاش سىستېمىلىق، ئومۇمىيلىققا ئىگە نەر-
سىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ، تۈرلۈك كېسەللەرنى سا-
قايتىشنى ھۆددىگە ئالالمايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ قولىدىن
بۇنداق ئىشلار كەلمەيدۇ. ئەدەبىيات تۇرمۇشتا زادى قان-
داق قىممەتكە، قانداق ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا تەلپۈنىدۇ؟
مېنىڭچە، بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر قىممەتكە قارىتا بىر
خىل تەلپۈنۈشنى، بىر خىل قىزغىنلىقنى، بىر خىل ئىنتى-
زارلىق يۈزلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى، ئەدەبىيات بىر خىل خاتىرىگە، ئەسلىمىگە
ھۆرمەت قىلىشقا تەلپۈنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خا-
تىرە بىر خىل قىممەت ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات ئىنسان-
لارنىڭ بىر خىل ئالاھىدە خاتىرە شەكلى، ئەدەبىيات بىر
دەۋر كىشىلىرىنىڭ قەلبىنى، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ھېس-
ھاياجىنىنى تىل ۋە يېزىق بىلەن پۈتىدۇ، بايان قىلىدۇ.
شۇڭا، تىل - يېزىق ئىنسانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزاق
ئۆمۈر سۈرەلەيدۇ. بىزگە 2 - 3 مىڭ يىللارنىڭ ئالدىدىكى
تۇرمۇشلاردىن ئىزنالار قالمىغان بولسىمۇ ئەمما «شېئىر-
نامە» قالغان. «شېئىرنامە» دە خاتىرىلەنگەن تۇرمۇش-
لار، ھېس - ھاياجانلار يەنىلا مەۋجۇت؛ گەرچە 200 يىل-
نىڭ ئالدىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم، تۇرمۇش، قائىدە-
يوسۇن، ئۆرپ - ئادەت، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچ-
مەك قاتارلىقلار ھازىر بىلەن ناھايىتى چوڭ پەرق قىلسا-
مۇ، ئەمما «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى يەنىلا يو-
قالمىدى، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى مەۋجۇتلا
بولىدىكەن جياباۋيۈ، لىن دەييۈ، شۆ باۋسەي، شى شاڭ-
يۈن، چىڭ ۋېن، يۈەن ياڭلار مەڭگۈ ياش پېتى تۇرىدۇ.
«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى بىر تۈركۈم قىزلارغا
مەدھىيە ئوقۇغان، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ھەممىدىن قە-
دىرلىكى يەنىلا مۇشۇ قىزلاردۇر. بىراق سىز بۇ نەرسە-
لەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەھلىل قىلسىڭىز بولمايدۇ.
ئاپتور «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى جياباۋيۈ-
نىڭ تىلى ئارقىلىق كەچكىچە غودۇرايدۇ. ئۇ، قىزلارنىڭ
ھەممىسى مۇشۇنداق سۆيۈملۈك، دەيدۇ. ئۇ، نېمە ئۈچۈن
قىزلارنىڭ چوڭ بولۇپ، توي قىلغاندىن كېيىن ئادەمنى
بىزار قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. بۇنى نەزەرىيە جە-
ھەتتىن ئېيتساق ئەلۋەتتە خاتا بولىدۇ. چۈنكى، «يېشى
چوڭىيىپ كەتسىلا ئادەمنى بىزار قىلىدۇ» دەيدىغان قا-
راش ھەر قانداق دۆلەتنىڭ تۈزۈمى ۋە بەلگىلىمىسىدە
يوق.

ئەينى يىللىرى چەن شۆەنتۇڭ «ئادەمنى 40 ياشتىن
ئاشسىلا ئېتىۋېتىش كېرەك» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان،

www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا ئۇ ئىنتايىن تەلۋە، ئەسەبىي يېڭى ئىدىيە بىلەن ھازىرلانغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يېشى ئاللىقاچان 40 تىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا، لۇشۈن شېئىر يېزىپ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇ خاتىرجەم 40 ياشقا كىرىۋالدى دېگەن. ئۇ 40 ياشقا كىرمىگەندە 40 ياشقا كىرگەنلەرنىڭ كۆكۈلىسىنى تۇتۇپ ئۇلارنى چىرىك، مۇتەئەسسىپ، ھەممىنى ئېتىۋېتىش كېرەك، دېگەن. ئەمما ئۆزى 40 ياشقا كىرگەندە بولسا ئۆزىنى تېخى ناھايىتى ياش، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىم يوق، دەپ قاراپ 60 ياشقا كىرگەنلەرنى ئېتىۋېتىش كېرەك، دېگەن. ئېھتىمال ئۇ 80 ياشقا كىرگەندە 120 ياشقا كىرگەنلەرنى ئېتىۋېتىش كېرەك دېيىشى، 120 ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن چوڭ ياشتىكىلەرنى ئېتىۋېتىش كېرەك، دېيىشى مۇمكىن. ئادەمنىڭ خاتىرىسى ناھايىتى مۇھىم، بىر ئادەمنىڭ خاتىرىسى بولمىسا سالاھىيىتى بولمايدۇ، ئۇ ئادەم مەۋجۇت ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ. شۇڭا، ئەڭ قورقۇنچلۇقى، خاتىرىسىنى يوقىتىپ قويۇش. بىز بەزىبىر كىنو، ھېكايىلەردىن خاتىرىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەملەرنى كۆرۈپ، ناھايىتى قورقۇنچلۇق ھېس قىلىمىز. سىزدىن بىراۋ ئىسىم ـ فامىلىڭىز نېمە دەپ سورىسا، ئەگەر خاتىرىڭىز جايىدا بولمىسا، ئۆزىڭىزنىڭ ئىسىم ـ فامىلىڭىزنى دەپ بېرەلمەيسىز. سىز قەيەردىن؟ شىياڭبىندىنمۇ ياكى گۇاڭجۇ، بېيجىڭدىنمۇ؟ ۋە ياكى ئۇرۇمچىدىنمۇ؟ خاتىرىڭىز جايىدا بولمىسا ئۆزىڭىزنىڭ قەيەردىن ئىكەنلىكىڭىزنىمۇ بىلمەيسىز. شۇڭا، ئىنسانلار ئۈچۈن خاتىرە ناھايىتى مۇھىم، شۇڭا، خاتىرىنى قەدىرلەش كېرەك.

ئەدەبىيات، خاتىرە ئەسلىمىلەرنى قەدىرلەپ ساقلاپلا قالماي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىمۇ قەدىرلەپ ساقلايدۇ. ناھايىتى نۇرغۇن كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرمۇ خاتىرە ئەسلىمىلەرنى قەدىرلەپ ساقلايدۇ. ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خاتىرىسىنى قەدىرلەپ ساقلايدۇ؟ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قەدىرلەپ ساقلاش ئەمەلىيەتتە قېرىلىق، ئۆلۈم ۋە ئۇنتۇشقا قارىتا بىر خىل رەت قىلىشتۇر. چۈنكى ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىش (ھەممە ئىش خاتىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىش) ئۆلۈپ كەتكەن بىلەن باراۋەر. ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىرمۇنچە نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ كۈلكە ـ تەبەسسۇمى، ئۆزىنىڭ بەزى ھېس ـ ھاياجانلىرىنى، ئاچچىق ـ چۈچۈك كەچۈرمىشلىرىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇپ كېتىشنى ئىزدەيدۇ. شۇڭا مەن، ئەدەبىياتتىكى بۇ خىل خاتىرىنى قەدىرلەش، ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئاجايىپ ئېسىل قىممەتكە ئىگە، دەپ قارايمەن.

غەربتە مۇنداق بىر قاراش مودا ئىكەن، بۇنى ناھايىتى نامدار بىر ئادەم پارالېل قىلىپ بەردى، ئۇ سىياسىي جەھەتتە لىبېرالىزمچى، ئىقتىسادىي جەھەتتە سوتسىيالىزمچى، ئەمما مەدەنىيەت جەھەتتە مۇتەئەسسىپلىكنى خالايمەن، دەيدۇ. سىياسىي جەھەتتىكى لىبېرالىزم بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سوتسىيالىزم ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمايمەن. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سوتسىيالىزم ئاساسلىقى ھەممە ئادەم تەڭ بېيىشنى تەكىتلەيدۇ، ئەمگەكچىلەر بىلەن ئاجىز كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىگە بىر قەدەر كاپالەتلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەمما مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇتەئەسسىپ بولۇشنى خالايدۇ؟ چۈنكى مەدەنىيەت مۇئەييەن ئاي، يىللارنىڭ سىنىقىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بولىدۇ، ھېلىقى قەدىرلەپ ساقلىغان نەرسىلەر سىزنى تېخىمۇ سۆيۈملۈك ھېس قىلدۇرىدۇ.

مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇتەئەسسىپلىكنى مەن يەنە مۇنداقمۇ چۈشىنىمەن. چۈشىنىشىم توغرىمۇ، ئەمەسمۇ بىلمەيمەن. ئىلگىرى بۇنى ماقالىلىرىمدە ناھايىتى ئاز تىلغا ئالغان ئىدىم. مەن ھازىر شىياڭبىندا بۇنى كۆپچىلىك بىلەن سىناق تەرىقىسىدە بىر مۇھاكىمە قىلىپ باقاي. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى پىرامىدا شەكلىدىن تور شەكلىگە ئۆتتى، پىرامىدا دېگىنىمىز ئەڭ چوققىدىكى بىر داھىي بولۇپ، تۆۋەنگە سىرىلگەنسېرى يېيىلىپ چوڭىيىپ بارىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەڭ چوققىدىكى داھىيغا بويسۇنىدۇ. تور شەكلى دېگىنىمىز، ھەر قايسى كەسىپ، ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تورى بار، بىراق بۇلار ئۆزئارا باغلىنىشلىق. ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۆز يولى بويىچە دېموكراتىكلىشىشقا قاراپ ماڭىدۇ، بىراق دېموكراتىك پەقەت بىر خىللا ئەندىزىگە ئىگە ئەمەس، شۇنداقلا غەربنىڭ ئەندىزىسىنى ئۆلچەم قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بۈگۈنكى تېمام ئادىمىيەت روھى ۋە ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش ئەمەسمۇ؟ بۇ بىر خىل ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەشتۇر. بىراق بۇ خىل ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش ئوخشاشلا بەدەل تۆلىدى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى دېموكراتىكلىشىش ھەمىشە مەدەنىيەتنىڭ سەرخىللىشىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى بەدەل قىلىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى مىسىردىكى كاناك قەسىرى بىلەن پىرامىدا، بۇلار قەدىمكى مىسىردىكى فىرئە-

ۋىنگە زەرەتگاھ ۋە تاۋاپگاھ بولۇپ بەردى. ھازىر قاردماقا دېموكراتىك ئەمەستەك، مۇۋاپىق ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. ھايات چېغىڭىزدا ھۆكۈمران بولغان بولسىڭىز، سىز ئۆلگەندىن كېيىن نەچچە مىڭلىغان قۇللار سىز ئۈچۈن تاش ـ شېغىللارنى توشۇپ، ئوردا ـ قەسىرلەرنى سېلىپ، ئىنسانىيەت مۆجىزىسىنى ياراتتى. بىراق بىر مەدەنىيەت مىراسى بولۇش سۈپىتىدە ئېيتقاندا، سىزگە بۇ نەرسىلەر بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قايتا كۆرۈلمەيدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. نىسبەتەن دېموكراتىك ئالاھىدە دېموكراتىك بولمىغان جەمئىيەتتە سىزنىڭ بۇنداق نەرسىلەرنى بەرپا قىلىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس.

ئەدەبىياتمۇ شۇنداق. ئىلگىرى جۇڭگودا ئەسەر يازىدىغانلارغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگەنمەكمۇ بەك قىيىن ئىدى، خەنزۇ يېزىقىغا پەقەت ئاز ساندىكى سەرخىللار، ئاز ساندىكى مەنىۋىيەت ئاقسۆڭەكلىرىلا پىششىق ئىدى. ئۇلار گەرچە تېجىمەللەردىن بولسىمۇ، يېزىشنى يەنىلا ئارزۇ قىلاتتى، چۈنكى، ئۇلاردا بىر خىل مەنىۋى ئاقسۆڭەكلىك ئېڭى بار ئىدى. ھازىر بۇ، سەرخىللار ئېڭى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلگىرى ئەسەر يازىدىغانلار ئۆي ئىچى پاكىز ۋە يورۇق بولۇش، كۆجە كۆيدۈرۈپ يورۇتۇش، ساقال سىيپاپ ئولتۇرۇپ شېئىر ئوقۇش قاتارلىق ئىشلارغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭا ساۋپىي: «ئەسەر يازغۇچىلار دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن چوڭ ئىشلىرىغا بېرىپ چېتىلىدۇ، مانا بۇ ئۆلمەيدىغان كەسپتۇر» دېگەن ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئەدەبىياتنى ئوقۇشقىلا ئەمەس، ناخشا قىلىپ ئېيتىشقىمۇ بولاتتى. ئۇ چاغدا ئەدەبىيات ھەقىقەتەن گۈزەل، ئېسىل، ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. ھەم ئوبرازلىق، ھەم پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك، پىكىر جەھەتتىن تىرەن ئىدى. ئومۇمەن، ئۇ چاغدىكى ئەدەبىياتتا بىر خىل نەپىسلىك بار ئىدى، شۇنداقتىمۇ كەمچىلىكلەردىنمۇ خالىي ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، كونا رامكىلار بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ يېڭىلىقتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. ئەكسىچە، ھازىر مەدەنىيەت بارغانچە ئومۇملىشىۋاتقاچقا، ئەسەر يېزىشمۇ ئاسانلىشىپ كەتتى. ھازىر ھەممە ئادەم يازالايدۇ. نەشرىياتلارغىمۇ، گېزىت ـ ژۇرناللارغىمۇ، تورغىمۇ يازغىلى بولىدۇ. تىلنىمۇ ئالايىتەن بېرىپ ئۆگىنىش ھاجەتسىز. ئاۋامنىڭ تىلى بولسىلا كۇپايە. «4 ـ ماي» مەزگىلىدە، بەزىلەر ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى «مەدىكارلارنىڭ تىلى» دەپ كەمسىتتى. بۇنىڭغىمۇ مەيلى، ئەمما بىر قىسىم ئەسەرلەردە ئېلان خاراكتېرىنى ئالغان كۆپتۈرمىچىلىكمۇ بار. ساھىبجامالىلارنى يازىدىغان، بەدەننىڭ ئۇياتلىق قىسمىنى، ناچار نەرسىلەرنى يازىدىغان ئىشلار بار. 15 ـ 16 ياشتا ناخشا پلاستىنكىسى، توققۇز ياشتا شېئىرلار توپلىمى چىقىرىدىغان ئىشلارمۇ بار. ھازىر تېخى بەش ياشلىق باللارمۇ شېئىرلار توپلىمى چىقىرىدىغان بولۇپ كەتتى. بەزىدە مەن بۇلاردىن گاڭگىراپمۇ قالىمەن. چۈنكى، دۇنيادا ھەر خىل ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار بولىدۇ. خۇددى «دۇنيادىكى ئىشلار بەك غەلىتە، ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمىسەڭ چۈشەنمەيسەن» دېگەندەك. سىز مۇمكىن بولمايدۇ، دەپ قارىغان ئىشلارمۇ بەزىدە مۇمكىن بولۇپ قالىدۇ.

كىچىك تۇرۇپلا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش توغرىسىدا مېنىڭ بىلىشىمچە ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتە 60 مىليون ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بار. 60 مىليون ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە كىتاب چىقىرىدىغىنى تەخمىنەن ئالتە نەپەرگە يېتىدۇ، بۇ، 1000 دىن بىر نىسبەت دېگەن گەپ. بۇ نىسبەت ئايروپىلانلارنىڭ ھادىسىگە ئۇچراش نىسبىتىدىنمۇ ئاز. بىر پروفېسسورنىڭ ماڭا دېيىشىچە، ھازىر ئايروپىلانلارنىڭ ھادىسىگە ئۇچراش نىسبىتى پۈتۈن دۇنياغا نىسبەتەن ئېيتقاندا 33 مىڭدىن بىر پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن. يەنى سىز 33مىڭ قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرسىڭىز بىر قېتىم ھادىسىگە يولۇقىشىڭىز مۇمكىن. ھازىر چەت ئەللىكلەر قانداق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ دەيدىغان بىر ماگنىت كۈچى مەيدانى بار. يەنە شاراقشىپ تۇرغان تەڭگە پۇللار مەيلىمىزنى تارتىپ تۇرىدۇ، قانداق يازسام دوللارغا، فرانكقا ئېرىشەرمەن، دەپ ئويلايمىز. شۇڭا، بۇنداق ئەھۋالدا، قانداق ماقالىلەر ياخشى ماقالىلەر، قانداق ئەسەرلەر ئېسىل ئەسەرلەر، قانداق بەدىئىي ئۇسۇل ئەڭ ياخشى بەدىئىي ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ دېگەنگە ھۆكۈم قىلماق قىيىن. ئىلگىرى، ناخشا ئېيتىش ناھايىتى مۇرەككەپ، بۇنىڭ ئۈچۈن كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ناخشىچى بولۇش ئۈچۈن تالانت بولۇش كېرەك، بەش ياشتىن تارتىپ مۇزىكا چېلىشنى ئۆگىنىش كېرەك، دەپ قارىلاتتى. ھازىر بۇ قاراش ناھايىتى دېموكراتىكلىشىپ كەتتى. مېنىڭ لىيۇسۇلا دەپ بىر يېقىنىم بولىدىغان، ئۇ ناھايىتى ياخشى يازغۇچى ئىدى ھەم

www.uyghurkitap.com



مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىناتتى، ليۇسۇلانىڭ «يۆتىلەيدىغان ئادەمنىڭ ھەممىسى ناخشا ئېيتالايدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك گېپى بار. ھازىر مەدەنىيەتتىكى دېموكراتىكلىشىش ناھايىتى كۆپ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلدى، بىراق بۇ يەردە بىر نەرسە ئادەمنى سەل گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. يەنى، مەدەنىيەت، سەنئەتنىڭ قىممىتى ئۆز ئۆلچىمىنى تاپالمىدى، شۇڭا بۇنى مەنمۇ ھەل قىلالمايمەن. خاتىرىنى قەدىرلەشكە قارىتا، كىشىلەر نېمە ئۈچۈن بەزىدە مەدەنىيەت جەھەتتە مۇتەئەسسىپلىكنى قوغداشقا ئېغىپ كېتىدۇ، دېگەندە ئۇلار مەدەنىيەت جەھەتتە بەزىدە تۈنۈگۈننى كۆرۈشكە ئىنتىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئەدەبىياتنىڭ قىممەتكە بولغان چاقىرىشى چىن تۇيغۇ ۋە يۇقىرى قىزغىنلىقنى قەدىرلەش، ئۇنى قوزغىتىش، بارلىق ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كىشىلەرنىڭ ھېس ـ ھاياجىنىنى قوزغىتالايدۇ. مەسىلەن، بىز «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنى ئوقۇغاندا، ساۋشۆچىننىڭ قىممەت قارىشى، جەمئىيەت قارىشى جەھەتتە قانداق تەلپۈنۈش ۋە مەقسەتلىرى بارلىقىنى ئېنىق چۈشىنەلمەيمىز. ئۇنىڭ بۇ رومانىدا بىزنى بۇ نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتىمۇ يوق. ئەگەر ئۇ بىزنى بۇ نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەپ بەرگەن بولسا بۇ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى بولماي قالاتتى، بىراق بىز ئەڭ بولمىدى دېگەندە جياباۋيۇ بىلەن لىن دەييۇنىڭ قەلبىگە چىلىڭ ئورناپ كەتكەن چىن تۇيغۇلىرىنى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق ھېسسىياتنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. جياباۋيۇنىڭ دادىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى چىن، گەرچە بىز ئادەتتە جياجېڭنى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر دەپ مۇئامىلە قىلغان تەقدىردىمۇ، جياجېڭنىڭ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرى بار، بىراق ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن تەرەپلىرى مېنى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى. بولۇپمۇ يۈەن جى قۇددىلاشقاندا، جياجىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، ئائىلە نۇقتىسىدىن، ئۇلار ئاتا ـ بالا، شۇڭا جياجىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ھاكىمىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، جياجېڭنىڭ قىزى پادىشاھنىڭ توقلى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئايلىنىپ قالغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىزىغا: «ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ياشنىپ قالغانلىقىدىن ئەندىشىرىمەي، جان ـ دىلىڭىز بىلەن پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇڭ» دەيدۇ. جياجىڭ شۇ سۆزنى قىلغاندا كۆزى ياشقا تولدۇ، قىزىنىڭ چانقىمۇ ياشقا تولدۇ. ئاجايىپ ئىش، ھەر قېتىم مۇشۇ جايىنى ئوقۇغاندا مەنمۇ كۆزۈمگە ياش ئالىمەن. نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ بۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ چۈشەنمەيمەن. مەن بۇ مەنزىرىلەردىن بەك غەلىتىلىك ھېس قىلىمەن. ئۆزىنىڭ قىزى كاتتا خانىشقا ئايلانغاندا، ئەكسىچە دادا بولغۇچى يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ: «ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ياشنىپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرىمەڭ» دېگەن سۆزى ئادەمنى تولىمۇ ھەسرەتلەندۈرىدۇ.

بۇ خىل قىممەتكە بولغان ئىختىلاپ ناھايىتى كۆپ. ھەتتا مېنىڭ بىر دوستۇم بىر ـ ئىككى پارچە ناھايىتى ياخشى ئەسەر يېزىپ چىققاندىن كېيىن، بەزىلەر ئۇنىڭدىن: «سىز يېقىندىن بۇيان نېمىلەرنى يېزىۋاتىسىز؟ كېلەر يىلى نېمىلەرنى يازىسىز؟» دەپ سورىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىز نېمە ئۈچۈن مەندىن كېلەر يىل نېمىلەرنى يازىسىز؟ دەپ سورايسىز، ئەجەبا مەن بۇ يىل ياخشى بىر ئەسەر يازسام، كېلەر يىلىمۇ چوقۇم يەنە بىر پارچە ئەسەر يېزىشىم كېرەكمۇ؟ كېلەر يىلى يازمايمەن، يازغۇم يوق، ئۇ مانا مۇشۇنداق جاۋاب بەرگەن. بۇ گەپنى باشقىلار ئاڭلاپ، ئەجەب جايىدا گەپ بوپتۇ دەپ ھېس قىلىپ، بۇ ئەپەندى تۇرمۇشتا ئۆزىنى نېمىدېگەن ئەركىن تۇتقان، دېگەن. مېنىڭ بىر پارچە ياخشى ئەسەر يېزىپ چىقىشىم بىلەن چوقۇم بارغانچە ياخشى يېزىپ كېتەلەيدىغانلىقىمنى ياكى توختاپ قالماي يېزىش كېرەكلىكىمنى ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. ئەمما سىز گەرچە بىر پارچە ياخشى ئەسەر يېزىپ چىقىپ، ئارىلىقتا يوقاپ كەتسىڭىز، كېيىن باشقىلار سىزنىڭ دېرىكىڭىزنى قىلسا، سىز ئۇلار بىلەن تاكاللاشسىڭىز بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ دېرىكىڭىزنى قىلىشى يوللۇق ـ تە. قىممەت جەھەتتىكى بۇنداق ئىختىلاپلار ئىنتايىن كۆپ. ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان بۇنداق دەۋردە بۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىپ بولالمايسىز. بەزىدە بىرەرسى بىر پارچە ياخشى ئەسەر يېزىپ چىقتى دەيلى، ئەمما ئىككىنچىسىگە كەلگەندە ئاجىزلىق قىلغان بولسا، يازمىسا، باشقا ئىش قىلسا، تىجارەت قىلسا بولىدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق يامان يېرى يوق. بۇمۇ تامامەن بىر خىل تاللاش، بۇمۇ بىر خىل ياشاش ئۇسۇلى. شۇڭا قىممەت جەھەتتە ناھايىتى كۆپ ئىختىلاپلار بار. بىراق ھەقىقىي تۇيغۇ ۋە يۇقىرى قىزغىنلىق ناھايىتى زۆرۈر. سىز ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپرەك

ئۇقۇسىڭىز ئۆزىڭىزدە بۇنىڭغا ئوخشاش ھەقىقىي تۇيغۇ ۋە يۇقىرى قىزغىنلىقنى ئويغىتالايسىز.

ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات ھەرقاچان بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشىنى، ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇشىنى، ئۆزىنى تاماملىشىنى، ئۆز - ئۆزىنى چەكلىشىنى چاقىرىپ تۇرىدۇ. ھازىرقى ياشلار بىز پېشقەدەملەر بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن بۇنداق كۆپ ئىشلارنى كۆرمىدى. بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەر ۋىكتور ھيوگونىڭ «پاجىئەلىك دۇنيا» (خارلانغانلار) سىدەك ئىلھاملارنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ باققان، بۇ بىر خىل غايەت زور قىزغىنلىق؛ جەمئىيەت گەرچە شۇنداق قاراڭغۇ بولسىمۇ، باش قەھرىمان ژان ئەخلاق جەھەتتە قىلچە ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ئويلاشماي، باشقىلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش نىيىتىدە بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، تولستوينىڭ «تىرىلىش» رومانىدا، نېخليودوپ ياش ۋاقتىدا بىمەنە ئىشلارنى سادىر قىلىپ، كاتيۇشاغا يۈز كېلەلمەيدۇ. كېيىن ئۇ كاتيۇشانىڭ تەقدىرىنى بىلگەندىن كېيىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلىۋېتىشتىن ئايانماي ئۆز جىنايىتىنى ئاقلايدۇ. ئۇ بىر ئادەم ئۈچۈن بىر خىل جىنايەت تۇيغۇسىدا يۈرۈش، ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ ئۆتۈش ئەڭ ئازابلىق ئىش دەپ قارايدۇ. ئەخلاقىي جەھەتتە ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئورۇنداپ ئۆلۈپ كەتسىڭىز ئارمىنىڭىز قالمايدۇ.

ھازىر بۇ جەھەتتىكى ئىشلاردا، كىتاب ئوقۇمساق، 19 - ئەسىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرمىسەك بەزىدە بۇنداق يۇقىرى قىزغىنلىققا ئېرىشەلمەيمىز. ھازىرقى كىشىلەر پراگماتىزم (سۇ ئىستېمالچىلىق) غا مايىلراق. بەزىدە ھەتتا «ئەخلاق» دېگەن بۇ سۆزنى بىر ئاز كونا دەپ قارايدۇ، بىراق بىز ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بەزىبىر ئىلھاملارغا ئېرىشەلەيمىز. ئەخلاق مەسىلىسى توغرىسىدا مۇنداق بىر قائىدە بار، يەنى ئەدەبىياتنىڭ ئەخلاقتا تەلپۈنۈشى، ئەدەبىياتنىڭ ئەخلاقنى ئەۋج ئالدۇرۇشىنى ئاساسەن ھەربىر ئادەم ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش، ئۆز - ئۆزىنى چەكلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ھەرگىز مەخسۇس ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىلا باھالىمايدۇ، ئەگەر سىز ئىنتايىن يۇقىرى ئەخلاقىي ئۆلچەم بىلەن ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنى باھالاپ يۈرسىڭىز، بۇ، قوپاللىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداقتا سىز ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرگە دەخلى - تەرۇز قىلىشنى تاللىغان بولۇپ قالىسىز. بۇ تېخى توغرىسىدا ئىنچىكە توختالمايمەن.

تۆتىنچىدىن، ئەدەبىياتنىڭ گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشى. گۈزەللىك بىر خىل قىممەت. گەرچە ئېستېتىكاشۇناسلار گۈزەللىككە نەچچە يۈز خىل، نەچچە مىڭ خىل تەبىر بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىراق بىز دۇنياغا، ئۆزىمىزگە يۈزلەنگەندە ئېرىشكەن ھاياجانلىق پەيتلەر، خۇشاللىققا چۆمگەن چاغلار، ئۇھسىنىش ۋە قەدىرلەش تۇيغۇسىدا بولغان دەقىقىلەردە بىز گۈزەللىكنى ھېس قىلىمىز. بىز تەبىئەت، تاغ - دەريالارغا، كىشىلەرگە، ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈشىگە يۈزلەنگەندە ئېيتقۇسىز بىر خىل خۇشاللىققا چۆمۈلىمىز.

گۈزەللىكنى سېزىدىغان بىر قەلب بىلەن گۈزەللىكنى تونۇمايدىغان، گۈزەللىكنى رەت قىلىدىغان قەلب ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدۇ. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن مەن شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يۇ مۇئەللىم بىلەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە پاراڭلاشتىم. مەن پۈتكۈل ئىلىم - پەننى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، دېگەن قاراشنى قەتئىي ياقلىمايمەن، بىراق يەنە بىر نۇقتا، بەزىبىر مۇھىم تېمىلارنى ئەڭ ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن بايان قىلىش، مۇھاكىمە قىلىشقا قارشى تۇرىمەن. بۇ يەردە مۇھەببەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ھازىرقى زامان كىشىلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى كىشىلەر ئوخشىمايدۇ. رومېئو بىلەن جۇلىيېتتانىڭ دەۋرى قالمىدى، لياڭ شەنبو بىلەن جۇيىڭتەينىڭ دەۋرىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئاننا كارېنىنا بىلەن ۋرونسكىي دەۋرى ئەمدى كەلمەيدۇ. ھازىر جۇڭگودا بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار بار، ئۇلار ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دەرس ئۆتكەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ناھايىتى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ھازىر دۇنيادا مۇھەببەت قالمىدى، مۇھەببەت دېگەن ئۆزىنى ئۆزى ئالداش، دەپ جاكارلاۋاتىدۇ. ئامېرىكىدىكى بىر روھىي كېسەللەر مۇتەخەسسىسى ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر شۇغۇللانغان تەتقىقاتى ئارقىلىق، مۇھەببەت دېگەن روھىي كېسەللىك ھادىسىسى، چۈنكى مۇھەببەتتىكى بارلىق كېسەللىك ھالەتلىرى روھىي كېسەلنىڭ تەبىرى بىلەن ئوخشاش، ئۇ بولمىسا مەن ياشىيالمايمەن، دېگەن قاراشتىنلا ئىبارەت دەپ قارايدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ بولمىسا نېمە ئۈچۈن ياشىيالمايدىكەن؟ بۇ بىر جاھىللارچە قاراش، خىيالىي تۇيغۇ... مەن

MIRAS

هامان ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايتتىم، ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە بىر
قېتىم كەلگەن، ئۇنىڭ ئاشۇ ئاۋازى مېنىڭ ئۆيۈمدە مەڭگۇ
ياڭرايدۇ. نېمىدېگەن ئېسىل تەسۋىرلەر ـ ھە! ئۇ نېرۋا
كېسەل، چۈشەكەۋاتىدۇ. سىز بىرسىگە ئاشىق بىقارار بو-
لۇپ قالغاچقا، ھەتتا جېنىڭىزدىن تويۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ
ئۇچۇن ئۆلۈپ بېرىشكە رازى. مانا بۇ نېرۋا كېسەللىك
ھادىسىسىگە كىرىدۇ، مانا بۇنى بۈيۈك ئىلىم ـ پەن ئىس-
پاتلاپ چىققان.

بولۇپمۇ ئىنسان تەبىئىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات فىرۇ-
ئىدتىن باشلانغان. بۇ توغرىسىدا مەن بىر ئىلمىي فىلمنى
كۆردۈم، ئۇنى بەك ياخشى ئىشلەپتۇ. بۇ فىلمدە جىنسىي
مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھەر بىر جەريانلىرى سان ـ
سىپىرلار بىلەن، رەسىملەر بىلەن كۆرسىتىلگەن بولۇپ،
ھەممىسى سىپىرلاشقان ئىدى، بۇ يەردىكى ئەر ـ ئايال-
لارنىڭ جىنسىي تۇرمۇش جەريانىنى، قان بېسىمىنىڭ،
نەپەسلىنىشنىڭ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىش
جەريانى، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ خىل
ساپ ئىلىم ـ پەن بىلەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھېس ـ ھايا-
جىنىنى، ھەتتا بىر ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتىنى چۈشەندۈ-
رۈشمۇ بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. ئەگەر پەن ـ تېخنىكى-
نىڭ تەرەققىياتى، سىپىرلاشقان قاراش سىزدىن مۇھەببەتكە
بولغان ئەلڭ ئادەتتىكى ھېس تۇيغۇنى مەھرۇم قىلسا،
مېنىڭچە بۇ بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بولىدۇ. ئەگەر گۈ-
زەللىك تۇيغۇسى بولمىسا، مۇھەببەتتە يەنە نېمە قالىدۇ؟

بەشىنچىدىن، ئەدەبىيات كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى
دۇنياسىغا، ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا، مەنىۋى مەنزى-
لىگە مۇۋاپىق تۈردە دىققەت قىلدۇرىدۇ. بەزىلەر جۇڭ-
گولۇقلارنى بەك نەپسانىيەتچى، ئاچكۆز دەپ تىللايدۇ.
مەن بۇنى تازا ئېتىراپ قىلىپ كەتمەيمەن. جۇڭگو نەچچە
مىڭ يىلدىن بۇيان قانچىلىك ئادەملەرنىڭ ئارزۇسىنى قا-
نائەتلەندۈردى؟ ئەلۋەتتە ھازىر ئاز ساندىكى كىشىلەر
ماددىي جەھەتتە ئاچكۆزلىشىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە چا-
كىنىلىشىپ، گۈزەللىك، پەزىلەت جەھەتتە كىشىلىك ئۆل-
چەملەردىن خېلىلا چەتنەپ كەتكەچكە ئۇلار كىشىنىڭ كۆ-
زىگە سىغماس ھالەتكە بېرىپ يەتتى. بۇ ئىشلار ھەقىقەتەن
مەۋجۇت. پروزا ئەسەرلەردە بۇ توغرىسىدا تەسۋىرلەر،
ھەجۋىيلەر بار، بەزىدە بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىدۇ، بە-
زىلىرىگە تازا ئىشەنمەيمەن. چۈنكى ئۇنىڭغا ئىشىنىشمۇ
قىيىن.

مەن ھىندىستانغا ئىككى قېتىم باردىم. مېنىڭچە،
گەندىنىڭ نۇرغۇن ئىدىيىلىرىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك تە-
رەپلىرى بار، گەندىنىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك گېپى بار.
ئۇ: «تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالىغان
بىلەن بىراق مۆرىتى كەلسە ھەتتا بىر ئادەمنىڭ نەپسىنى
قاندۇرالمايدۇ» دېگەن. شۇڭا، سىز گەرچە يەيمەن دېسە-
ڭىزمۇ ئەمما سىزنىڭ ئىشتىھايىڭىز چەكلىك بولغاچقا جىق
يېيەلمەيسىز. كىيىم ـ كېچەكمۇ شۇنداق. قىشتا سوغۇقتىن
ساقلىيالىسا، يازدا بەك ئىسسىتىۋەتمىسىلا بولىدۇ. ھازىر
بېيجىڭلىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20
كۋادرات، 30 كۋادرات، 50 كۋادرات كېلىدۇ، بۇنىڭدىن تې-
خىمۇ كەڭرەك ئۆيلەردە ئولتۇرىمەن دېسە يەنىلا چەكلىمە
بار. بىراق ئادەملەرنىڭ نەپسى چەكسىز. شۇڭا، گەندى
يەرشارى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان بىلەن ئەمما
ئادەمنىڭ نەپسىنى قاندۇرالمايدۇ دېگەن. گەندىنىڭ قەبرە
تېشىغىمۇ ئۇنىڭ: «ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش، يۈكسەك
تەپەككۇر» دېگەن ھېكمەتلىرى ئويۇپ قويۇلغان. مەيلى
قانداقلا بولمىسۇن بۇ گەندى تەمىنلىگەن ئۈلگىلىك بىر
مىسال. ئۇ ئۆزىمۇ شۇنداق ئاددىي ـ ساددا ياشاپ ئۆت-
كەن ئىدى. بىر ئادەم ئاز ـ تولا ئەدەبىياتنى ياخشى كۆر-
سە، ئۇنىڭدا بىر مەنىۋى دۇنيا ھازىر بولىدۇ. ئۇنىڭغا بىر
مەنىۋى دۇنيا، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ھەمراھ
بولىدۇ. مەيلى لىن دەيۈ بولسۇن ياكى ئاننا. كارېنىنا ياكى
ژان، كاتيۇشا ۋە ياكىAQ، رۇڭتۇ بولسۇن، مەنىۋى تۇر-
مۇشقا ئىگە بىر ئادەم بىلەن مەنىۋى تۇرمۇشقا گاداي ئادەم
قەتئىي ئوخشىمايدۇ. بۇنداق مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ كىشى-
لەرگە ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىقى، كىشىلەرگە بېغىشلىغان
قەتئىيلىكى، دانالىقى ئىنتايىن قىممەتلىك.

جېجياڭدا بىر جۇڭگو گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتى بار،
بۇنى سەي يۈەنپېي قۇرغان. سەي يۈەنپېي: «سەنئەتنى
دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش» دېگەن بىر خىل قاراشنى
ئوتتۇرىغا قويغان. مەن بۇ گەپنى تازا ياقىلمايمەن. مەن،
سەنئەت دىنىنىڭ رولىنى ئۆتىيەلمەيدۇ، دەپ قارايمەن.
چۈنكى سەنئەت دېگەن سەنئەت، دىن دېگەن دىن ـ دە!
بىراق بۇ يەردە بۇ ئىككىسىنىڭ يولى باشقا، مەنزىلى بىر
دېگەن تەرەپلىرمۇ بار. دىن، ئېتىقاد شەكلى بىلەن بۇ مە-
سىلىنى ھەل قىلىدۇ، ئەمما سەنئەت بىلەن ئەدەبىيات بىر
مەنىۋى تۇرمۇش باغچىسىنى بەرپا قىلىش ئۇسۇلى بىلەن
ھەل قىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ مەنىۋىيىتى بىر مەنزىلگە،

ئۆزىنىڭ ماكانىغا يېتىشنى ئىزدەيدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ خىل مەنىۋى مەنزىلگە، مەنىۋى باغچىغا يېتىشتە تىل ناھايىتى زور دەرىجىدە رول ئوينايدۇ.

ئالتىنچىدىن، ئادەم تىلغا موھتاج، ئەدەبىيات ئادەملەرنى ئېھتىياجلىق بولغان تىل بىلەن تەمىنلەيدۇ. تىلنى ئىنسانلار ئىجاد قىلغان. بىراق مەلۇم ئەھمىيەت جەھەتتىن تىلنىڭ ئىنسانلارغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ، شۇڭا، غەربتىكى بىر گۇرۇھ تىلشۇناسلار ئادەملەر تىلنى تىزگىنلىمەيدۇ، بەلكى تىل ئادەملەرنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ. چۈنكى سىز تۇغۇلغاندا، مەسلەن، جۇڭگودا خەنزۇ تىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىغا 2000 يىلدىن ئاشقان بولىدۇ، ئەگەر يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىش جەھەتتىكى ھېكايىگە ئىشىنىدىغان بولسىڭىز، ئالدى بىلەن تىل پەيدا بولغاندىن كېيىن ئاندىن يېزىق بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. بۇ تىل مۇقىم بىرىكمە ۋە ئۇسۇللارنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ بىرىكمە ۋە ئۇسۇللار سىزنىڭ ئىدىيىڭىز ۋە ھېس ـ تۇيغۇڭىزنىڭ مودېلىنى شەكىللەندۇرىدۇ. مەسلەن، جۇڭگودىكى ھازىرقى باللار:

«شولىنى كۆرگەندە ئويغىنىپ ئەسنەپ،
يەردىكى قىرومۇ دەپتىمەن دەسلەپ.
بېشىمنى كۆتۈرۈپ باققاندا ئايغا،
بىردىنلا ئېگىشتىم يۇرتۇمنى ئەسلەپ.»

دېگەن شېئىرلارنى يادقا ئالغاندا «باققاندا ئايغا» دېگەن سۆزلەرنى تازا ئېنىق چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. ئۇلار بارا ـ بارا ئاسماندىكى ئايغا دىققەت قىلغاندىن كېيىن: «بېشىمنى كۆتۈرۈپ باققاندا ئايغا، بىردىنلا ئېگىشتىم يۇرتۇمنى ئەسلەپ» دېگەن مىسرالارنى يادىغا ئېلىشى مۇمكىن. ئاي بىلەن يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش تىل ئارقىلىق ئۇنىڭ كاللىسىدا شەكىللەنگەن بولىدۇ. شۇڭا، پسىخىكا جەھەتتىن داۋالاش ئېلىپ بېرىشتا تىل ئارقىلىق داۋالاش بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خىل ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. بەزى پسىخولوگىيە دوختۇرلىرى ئادەملەرنى داۋالىغاندا ئەمەلىيەتتە تىل ئارقىلىق داۋالايدۇ. سىزنىڭ ئىدىيىڭىزدىكى چىگىشلەرنى، مۇرەككەپ روھىي ھالەتلىرىڭىزنى، سىزنىڭ خاھىشلىرىڭىزنىڭ نەگە تۈكۈلگەنلىكلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاندىن سىزگە ياردەملىشىپ ئۇلارنى ئاستا ـ ئاستا يېشىپ بېرىدۇ. تىل كىشىلەرگە تەسەللى بېغىشلايدۇ، چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، كىشىلەرگە ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ. بەزىدە بىر ئېغىز ياخشى گەپ ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ، شۇڭا، جۇڭگودا قەدىمدىن تارتىپ «ئېسىلزادىلەر چىرايلىق گەپلەرنى سوۋغا قىلسا، ئادەتتىكى ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ماددىي بۇيۇملارنى تەقدىم قىلىشىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئادەتتىكى كىشىلەر، يەنى تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ماددىي بۇيۇملارنى تەقدىم قىلىشىدۇ، ئەمما ئېسىلزادىلەر سىزگە بىرەر ئېغىز سەممىي گەپلەرنى، ئەڭ چىرايلىق گەپلەرنى قىلسا ئۆمۈربويى ئۇنتۇماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇنىمۇ بەك مۇتلەق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ياخشى، توغرا، يارقىن تىل بىر خىل قىممەتكە ئىگىدۇر. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرەلەيمىز، ئۇنى سوۋغات سۈپىتىدە باشقىلارغا ھەدىيە قىلالايمىز. ئەدەبىيات دېگەن تىل سەنئىتى، ئەدەبىيات ناھايىتى نۇرغۇن تىللارنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بېرىدۇ ياكى ئۆلگەن تىللارغا ئاجايىپ ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ جان كىرگۈزۈۋېتىدۇ.

مېنىڭچە، نۆۋەتتىكى مۇشۇنداق بىر مەزگىلدە، مەيلى دۇنيادا ياكى جۇڭگودا بولسۇن، ئادەمىيەت قىممىتى ئۈستىدىكى ئىختىلاپ ئىنتايىن ئېغىردۇر. ئادەمىيەت قىممىتى جەھەتتىكى گاڭگىراش، ئادەمىيەت قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇش بىزنىڭ ئالدىمىزغا خىلمۇخىل خىرىسلارنى قويىدى. بىراق بىزدە بىر خىل تەلپۈنۈش بولسا، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات جەھەتتىكى مىراسلاردىن، مۇشۇ مۇنەۋۋەر بايلىقلاردىن ئوزۇق ئېلىپ، ھەممىشە مۇشۇ مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات خەزىنىسى بىلەن ھەپىلىشىدىغان بولساق، قالايمىقانچىلىقلار ئىچىدىن ئۆزىمىز تەسىرلىنىدىغان، سەممىي، گۈزەل، يارقىن نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. قۇرغاق، ئاچكۆزلۈك، تىت ـ تىتلىق ۋە تەشۋىش ئىچىدىن ئازاد بولۇپ چىقالايمىز. مەن ئادەمىيەت ئىلمى، ئادەمىيەت روھى توغرىسىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ تاكى بۈگۈنگە قەدەر جاۋابىنى تاپالمىدىم، مەن بۇنداق دېسەم بەك ئۈمىدسىزلىنىپ قېلىشىڭلار مۇمكىن، بىراق مەن سىلەرگە شۇنداق جاكارلىيالايمەنكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىدىن، مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن ئاز ـ تولا ئىلھام ئالساق ئۆزىمىزنىمۇ تەربىيىلەيمىز، شۇنداقلا باشقىلارغىمۇ ياردەم بېرەلەيمىز.

شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ياسىنىش سەنئىتىدىن ئۆرنەكلەر

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق، ئىبادەت ئابدۇۋاھىت

ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدا ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ۋە ئۆزى ئىختىرا قىلغان نۇرغۇن قىممەتلىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يوقىتىپ قويغان. كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئىزچىللىقمۇ ئۇيغۇرلار يوقىتىپ قويغان ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىدىن بىرى. بىز ھازىرغىچە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىدىغانلىقى توغرىسىدا يېتەرلىك ماددىي پاكىتلارغا ئىگە بولالماي كەلدۇق. تەلىيىمىزگە ئارخېئولوگىيە ئىلمى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىش داۋامىدا بىر قىسىم قەدىمكى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھازىرقى بىزنىڭ بىلىش ئېھتىياجىمىزنى قامدىيالمايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن پەقەت كېپەن بىلەنلا دەپنە قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كىيىم ـ كېچەك ئۆرنەكلىرى ناھايىتى ئاز بايقالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامىيەتتىن كېيىن جانلىقلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىش قاتتىق چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇددا دىنىي ئېتىقادى دەۋرىدىكىدەك كىيىم ـ كېچەكنىڭ سەنئەت شەكلىدە نامايان قىلىنغان ئۈلگىلىرىنى ئۇچرىتالمايمىز. تەلىيىمىزگە يارىشا مەھمۇد قەشقىرى بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، زىبۇزىنىنەتلىرى ۋە پەردازلىنىش ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار، ئۆزگىچىلىكلەر ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى ياسىنىش مەدەنىيىتىگە دائىر ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان، بۇ ئۇچۇرلار بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ 1000 يىللار مۇقەددەم ئۆرنەكلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا زور ياردەم قىلدى. بۇ مەلۇماتلار بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارنى بىرلەشتۈرگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىنىنەت مەدەنىيىتى ھەققىدە خېلى چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولالايمىز.



ئىنسانىيەتنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى يىمەك ـ
ئىچمەك مەدەنىيىتىدىن كېيىنلا بارلىققا كەلگەن ئەڭ قە-
دىمكى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىن-
سانلاردىكى كىيىم كىيىش ئادىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسا-
نىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ نىسبەتەن قەدىمكى دەۋرد-
نىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى
تۇرمۇشنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى، مىللىي ئالاھىدىلىك
جەھەتتىن ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان
مۇھىم بىر تەتقىقات ساھەسى سۈپىتىدە قارالماقتا. ئىنسا-
نىيەتنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھ-
ۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرقايسى رايونلاردا يا-
شىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى زور پەرقلەر ساقلىنىپ
كەلگەن. بەزى خەلقلەر توپى نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا
تولۇقلىما كىيىملەر دەۋرىگە كىرگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى
تېخى يېقىنقى ئەسىرلەرگىچە يېپىنچا كىيىملەر باسقۇچىدا
تۇرغان. بۇ، شۇ خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئىقتى-
سادىي ئەھۋالى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتى بىلەن ناھايىتى
زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئەۋرىتىنى
دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن يوشۇرۇشقا باشلىغان دەۋرى
ئۇلارنىڭ ئادەملىشىش، مەدەنىيلىشىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم
باسقۇچى بولسا كېرەك. شۇڭا يوپۇرماق مەدەنىيىتىنى
ئىنسانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە كىرگەن تۇن-
جى ئىپتىدائىي قەدىمى دېيىشكە بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ
تۇنجى قېتىم كىيىنىش ئادىتىنىڭ ئىپتىدائىي قەدىمى بولغان
ئالدىغا يوپۇرماق تارتىشنى ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى لى-
باسى دېگەنىدى. ئۇنى ئىنسانلاردا ئويغىنىشقا باشلىغان
ئويۇتۇش ئېڭىنىڭ مەسئۇلى ئىدى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ
مەنىدىن ئالغاندا، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارغا ئوخشاش يا-
لىڭاچ يۈرۈشتىن، بەدەنلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئېھتىياجى-
دىن بولسۇن ياكى ئويۇتۇش تۇيغۇسىدىن بولسۇن، ئەڭ
دەسلەپكى ئىپتىدائىي كىيىنىش ئادىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنى-
لىكى، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن ئايرىلىپ چىققان مۇھىم
بىر بەلگىسى ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى كىيىم ـ كېچەك مەدەنى-
يىتى بىزدە تېخى تەتقىق قىلىنمىغان ساھەلەرنىڭ بىرى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى كىيىم ـ كې-
چەك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولغان؟ ئۇنىڭ
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى نېمە؟ ئۇنىڭ ھەرقايسى
دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىشى ۋە پەرقى قانداق بولغان؟ دې-
گەن مەسىلىلەرگە مۇكەممەلرەك جاۋاب بەرگەن بىرەر
ئەسەر بارلىققا كەلمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ياسىنىش مەدەنى-
يىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش بىزنىڭ
ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى ساغ-
لام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىدا مۇھىم بىر زۆرۈرىيەت
بولۇپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
تىياتىرچىلىقى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى، ئەدەبىي ئە-
جادىيەت ساھەلىرىدە تارىخىي تېمىلارنى ئوتتۇرىغا چىقى-
رىشتا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك
جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلمىگىنىمىز ئۈچۈن، دەۋر
ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر ماددىي
ئاساسى بولغان كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك
ياخشى ئىپادىلەپ بېرىلمىدى. يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن
بۇيان، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئارقىلىق قەدىمكى ئۇي-
غۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەت مەدەنىيىتىگە ئا-
ئىت قىسمەن مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان بولساقمۇ، ئۇ يە-
نىلا تەلەپنى تولۇق قاندۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. قەدىمكى
بۇددا مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەللىرىدە
ئىپادە قىلىنغان ئۆز دەۋرىگە ئائىت ئۈلگىلەر قەدىمكى
ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەت مەدەنىيىتىنى
تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزدا بەلگىلىك مەنبەلىك رول ئوينىسى-
مۇ، ئۇ پەقەت پۈتكۈل ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيەت
تارىخىنىڭ قىسقىغىنە بىر دەۋرىنىڭ مەھسۇلى.

ئۇيغۇر تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت
تارىخىدا قوچۇ ۋە قاراخانىيلار دەۋرى ئەڭ مۇھىم ئورۇن
تۇتىدىغان بىر تارىخىي باسقۇچ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر

MIRAS

خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسى ئىلگىرىكى ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋرىدىكىدىن ئۈستۈن تۇردى. شۇنداق بولسىمۇ، بىز قاراخانىيلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى، توقۇمىچىلىق ئىگىلىكى، مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئېستېتىك ئېڭى قاتارلىق تەرەپلەردىن گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە دائىر يېتەرلىك ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. بىراق، ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بۇ ئەسىرى گەرچە سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى كۆپ تەرەپلىمە ئۆرنەكلەر خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىكى ياسىنىش مەدەنىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن مەدەنىيەت ئۆلگىلىرىنىڭ بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەت مەدەنىيىتىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال.

**كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋە خام ماتېرىيالى**

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ كىيىم ـ كېچەككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ كەلگەن. ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياج بىلەن تەبىئىي ئېھتىياجنى بىرلەشتۈرۈپ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرگەن كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيەت دەۋرى ناھايىتى قەدىمكى زامانلارغا تەئەللۇق. بۇنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدىن بايقالغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ خام ماتېرىيالى ھەر خىل بولغان، نەپىسلىك، كۆركەملىك دەرىجىسى يۇقىرى، تۈرلىرى كۆپ بولغان بىر دەۋر. ئۇيغۇرلار يالغۇز ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان يىپەك رەخت، پاختا رەخت ۋە يۇڭ رەختلەردىن باشقا سودا كارۋانلىرى ئارقىلىق يۇقىرى چىندىن كەلتۈرۈلگەن رەختلەر، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا توقۇلغان كۆركەم يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنى كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى تىكىپ كىيىشكەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىيىملىرىنىڭ خام ماتېرىيالى ئىككى مەنبەدىن كەلگەن. بىرى، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان. بۇ دەۋردىكى چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئەڭ مۇھىم، سۈپەتلىك ماددىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەن. يەنە بىرى، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت سودىگەرلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا توقۇلغان ھەر خىل گۈللۈك يىپەك رەختلەرنى كەلتۈرۈپ، كۇنسېرى ئۆسۈپ بېرىۋاتقان كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىكى يۇقىرى تەلەپنى قاندۇرغان.

ھەرقانداق بىر ماددىي مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن، ئالدىنقى مۇھىم بىر شەرت يېتەرلىك، ئۆلچەملىك خام ماتېرىيال ھازىرلىنىشى كېرەك. «دىۋان»دا كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەتنىڭ ماتېرىياللىرىدىن پاختا، يىپەك، يۇڭ، تېرە، كەندىر، ئالتۇن ـ كۈمۈش، قاشتېشى، مۇنچاق، ئۈنچە ـ مارجان، ئەردەنى، مىس قاتارلىقلارنىڭ نامى ۋە ئۇلاردا ياسالغان تۈرلۈك كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇزىننەتلەر تونۇشتۇرۇلغان. مەھمۇد قەشقەرى ئۇ خام ماتېرىياللاردىن مۇشۇ دىيارنىڭ ئۆزىدىن چىقىدىغانلىرىنى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىشلىتىش قىممىتى، ئالاھىدىلىكى ۋە نامىنى تىلغا ئېلىش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن. بۇ دىياردىن





چىقمايدىغان بەلكى سىرتقى ئەللەردىن كەلتۈرىدىغانلىرىنى «ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلدۇ»، «چىندىن كەلتۈرۈلدۇ» دېگەندەك ئىزاھلار بىلەن ئەسكەرتىپ قويغان. بىراق، «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئۆرنەكلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئارقىلىق ئېرىشكەن تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئاساسلىق خام ماتېرىياللىرى مۇشۇ مەركىزىي ئاسىيادىن چىققان ۋە ئىشلەپ چىقىرىلغان.

مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشتا دۇنيادا ئۈلگە ياراتقان خەلق. بۇلارنىڭ خاس كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىلا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماي، بەلكى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلارمۇ چارۋىچىلىقتىن ئايرىلمىغان. ھېچ بولمىغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۆش، يۇڭ، تېرە ئېھتىياجىنى ئۆزي زورىخار ئېھتىياجى ۋە كىيىم ـ كېچەك ئېھتىياجىنى قامدايتتى. ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى خوتەن، قەشقەر، كۇچا، ئاقسۇ، تۇرپان قاتارلىق ئورۇنلار پىلە بېقىش، كېۋەز تېرىش بىلەن تۇركۇملەپ يىپەك رەختلەرنىڭ ۋە پاختا رەختلەرنىڭ خام ئەشياسىنى ئىشلەپ چىقىراتتى. ئۇلار بۇنى بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلەتسە، كۆپ قىسمىنى چارۋىچى قەبىلىلەر بىلەن باشقا ئەللەردىن ئۆزىگە لازىملىق بولغان مەھسۇلاتلارغا ئالماشتۇراتتى. قەدىمكى دەۋردە خوتەننىڭ ماللىرى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا چىقىرىلغاندىن تاشقىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىمۇ توشۇلغان. مەسىلەن، بەنچاۋ ئۆزىنىڭ ئاكىسى بەنگۇغا ئاق شايى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. بەنگۇ يازغان جاۋاب خېتىدە: «ئەۋەتكەن 300 توپ ئاق شايىنى، بازارلىق كۆشات ئېتى، خۇشبۇي دەرمەك، چەم قوياقنى ئالدىم» دېگەن ①.

تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىماللىرىدا پاختا تېرىلىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن 2000 يىل بۇرۇنلا قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئادەم ۋە گۈل نۇسخىلىرى، كۆك بوياقتا بېسىلغان قەدىمكى پاختا رەخت تېپىلدى. سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىنمۇ دەۋرىمىزدىن 2000 يىل بۇرۇنقى يىمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇڭ، يىپەك تولۇقلىمىلاردىن ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەك (باش كىيىممۇ بار) گۈل بېسىلغان پاختا رەخت، مارجان، تارغاق قاتارلىقلار بولۇپ، يۇڭدىن ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەكلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ ②. ئۇنىڭدىن قەدىمكى بۇۋىلەرنىڭ ھېچ بولمىغاندا ئاز دېگەندە مىلادىيىدىن بۇرۇنلا يىپەك توقۇلمىلىق كىمخاپ كىيىملەرنى كىيىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ خام ئەشياسىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئولتۇراق تۇرمۇشىنى بەرپا قىلىپ، دېھقانچىلىق، قول ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەھەر ـ بازارلارنى قۇرۇپ، مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا باشلىغان دەۋرىدىن نەچچە مىڭ يىللىق مۇساپىسىنى بېسىپ، قاراخانىيلار دەۋرىگە ئۇلاپ بەرگەن. قاراخانىيلار دەۋرى ۋە قوچۇ دەۋرلىرىدە مىللىي مەدەنىيەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان بولۇپ، چەكسىز كەتكەن بوستانلىقلاردا مىليونلىغان چارۋىلار بېقىلىپ،

سالا ـ سالا ئىتىزلاردا كېۋەز، كەندىر قاتارلىقلار تېرىپ ئۆستۈرۈلۈپ، كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان كىيىم ـ كېچەك ئېھتىياجىنىڭ خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىنىش ئىشىنى ئادا قىلغان.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەلۇماتلىرى ۋە «قۇتادغۇبىلىك»تىكى بەزى روشەن بايانلارغا ئاساسەن پىكىر قىلغىنىمىزدا قاراخانىيلار ۋە قوچۇر خانلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئېھتىياجىغا لازىملىق خام ئەشيالارنى ۋە بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى ئۆزىدە ئىشلەپ چىقارسىمۇ، يەنە بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى سىرتقى ئەللەردىن كەلتۈرەتتى. بولۇپمۇ قاراخانىيلار ۋە قوچۇ خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ يىپەك كىيىم ـ كېچەككە بولغان ئېھتىياجى ھەسسىلەپ ئاشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دىياردىن ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان يىپەكلەر ئېھتىياجنى قامدىيالمىدى. بۇ خىل ئېھتىياجنى بۇلار ئاساسەن قوشنا ئەللەردىن يىپەك رەختلەرنى كەلتۈرۈش يولى بىلەن ھەل قىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۆز دەۋرىدىكى توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ئىزاھلانغان. مەھمۇد قەشقەرى «زەرباب» سۆزىنى ئىزاھلاپ «چىندا ئىشلەنگەن قىزىل رەڭلىك زەر بېسىلغان يىپەك رەخت» (1 ـ توم، 426 ـ بەت) دېسە، «لوخشاي» سۆزىنى ئىزاھلاپ، «چىننىڭ سېرىق تەڭگە گۈللۈك قىزىل يىپەك رەختى»③ دەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئىشلىگەن رەختلەرنى بولسا شۇ رەختنىڭ توقۇلۇش ئالاھىدىلىكى، رەڭگى قاتارلىق تەرەپلىرىدىنلا چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن، «يەر» سۆزىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: «يەر رەختنىڭ بىر يۈزى. بۇ ئۇرۇشتا مەلۇم بىر رەڭ ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ، ئارقاقتىكى رەڭ شۇنىڭغا مۇناسىپ كۆرۈنگەن يۈزىدۇر. مەسىلەن، «‹ياشىل يەرلىگ بارچىن يېشىل يۈزلۈك يىپەك رەخت› دېسەك يېشىللىق بۇ رەختتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. باشقا رەڭلەر قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ» (3 ـ توم، 194 ـ بەت). بۇنىڭدىن، بىر تەرەپتىن يىپەك توقۇلمىلارنى ئۆزلىرى توقۇيدىغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، توقۇش تېخنىكىسىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى، ئۈچىنچى تەرەپتىن، يىپەك رەختلەرنىڭ خام ئەشياسىنىڭ ئۆزىدىنمۇ چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ماددىي مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرۇش ھەققىدە «قۇتادغۇبىلىك»تىن مۇنداق بايانلارنى ئۇچرىتىمىز:

4425 ئەگەر كەزمىسە سودىگەرلەر جاھان،
قارا قاما جۇۋا كىيەتتىڭ قاچان؟
4426 تۇزۇتماس بولسا چاڭ قىتان كارۋىنى،
قەيەردىن كېلەتتى تۈمەن خىل ئاغى؟
4427 كېزىپ گەر سودىگەرلەر يۈرمىسىدى،
بۇ ئۈنچە تىزىقنى كىم كۆرەر ئىدى؟

يۇقىرىقى بايانلاردا گەرچە سودىگەرلەر تەبىقىسىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ئوينىغان رولى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىن بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك ماددىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مانا بۇ پاكىتلارغا ئاساسەن، بىز بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇڭ، پاختا، يىپەك توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشسەك، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر، قىتان، سوغدى كارۋانلىرىنىڭ غەربتىن شەرققە توختىماي ماددىي مەھسۇلاتلىرىنى توشۇپ ۋاستىچىلىك قىلىش بىلەن، قاراخانىيلار بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا چىقىرىش يولى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە ئۆز دەۋرىدىكى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان «چەگىن» دەپ ئاتىلىدىغان يىپەك رەختكە گۈل بېسىش، زەر بېسىش تېخنىكىسى، كەشتىچىلىك، تېرە ئاشلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشكە مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. بىز يەنە شۇنىڭغا





ھەيرانىمىزكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بەزى بايانلاردا رەخت توقۇشتا ئۆرۈشنى پاختا يىپتىن، ئارقىقنى يۇڭ يىپتىن قىلىپ رەخت توقۇغانلىق ھەققىدىكى بايانلار بىلەنمۇ ئۇچرىشىمىز. بۇلاردىن شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇمىچىلىق ئىگىلىكى ئۆز دەۋرىگە يارىشا زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. بۇ چاغدىكى توقۇلما رەختلەر سىپتا بولۇپلا قالماستىن ئۇلارنىڭ تۈرلىرىمۇ، رەڭگىمۇ ناھايىتى كۆپ خىل بولغان. بۇ پاكىتلار قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇمىچىلىق ئىگىلىكىدىكى يۈكسىلىشلەرنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ئاساسلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىزنى ئۇلگە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى كىشىلەر يۇڭ يىپ، پاختا يىپ، يىپەك يىپ، كەندىر تالاسىدىن ئىشلەنگەن يىپلاردىن رەخت توقۇپ قالماي، بەلكى كەندىر تالاسى بىلەن پاختا يىپنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئارىلاشما توقۇلما مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن ④ . بۇنىڭدىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇمىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي يىلتىزىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرىنى جىنسىي پەرقىقە ئاساسەن ئەرلەر كىيىمى ۋە ئاياللار كىيىمى، دەپ ئىككى تۈرگە، كىيىملەرنىڭ تۈرى نۇقتىسىدىن باش كىيىم، ئاياغ كىيىم، تاش كىيىم، ئىچ كىيىم، قوشۇمچە كىيىم، كەسپىي كىيىم ۋە مۇراسىم كىيىمى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.


باش كىيىم ئۆرنەكلىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن باش كىيىم ئۆرنەكلىرى بىر قانچە تۈرلۈككلا بولسىمۇ، ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ باش كىيىم ئادىتىنى مەلۇم جەھەتتىن ئىپادە قىلىپ بېرىدۇ. ئاساسلىق باش كىيىملەردىن «قوتۇرما بۆك» يەنى قايرىما بۆك ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدە قايرىمىسى بولغان قالپاق (① ـ توم، 638 ـ بەت)لا تىلغا ئېلىنغان. باش كىيىمگە مۇناسىۋەتلىك باشقا بايانلاردا بولسا، باش كىيىمنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن «بوغقۇچ» ۋە بەزى قەبىلىلەرگە مەنسۇپ بولغان باشقا تۈرلەر كىرگۈزۈلگەن. بوغقۇچ تۈرىگە كىرىدىغان باش كىيىم ياردەمچىسىدىن مۇنداق ئىككى خىلنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بىرى، «ساقالدۇرۇق» (ئېڭەكباغ)، مەھمۇد قەشقىرى بۇنى «بۇ، يىپەكتىن توقۇلغان بولۇپ، قالپاقنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېڭەكتىن قوشۇپ باغلاپ قويۇلىدۇ» (① ـ توم، 686 ـ بەت) دەپ؛ يەنە بىرى، «ئېڭەك» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇنى خوتۇنلار پۈركەنچىسىنىڭ بوغقۇچى (① ـ توم، 182 ـ بەت) دەپ ئىزاھلىغان.

باش كىيىم ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدە مىللىي ئالاھىدىلىكنى ناھايىتى روشەن يورۇتۇپ بېرىدىغان مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدىكى بۇددا مىڭئۆيلىرىدىكى ساخاۋەتچىلەرنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن رەسىملەردە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان دەۋردىكى كۇسەن ئېلكىلەرنىڭ، قوچۇلۇقلارنىڭ، دۇنخۇاڭلىقلارنىڭ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، سىپتا، كۆزنى قاماشتۇرغىدەك، رەڭگارەڭ، يۇقىرى دەرىجىدىكى مەدەنىي پاسوندا ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەكلەرگە ماسلاشتۇرۇلغان باش كىيىملەرنى ئۇچۇق ئۇچرىتالايمىز.

كۇسەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان قەدىمكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى. كۇسەننى مەركەز قىلغان قىزىل، قومتۇرا، سىم ـ سىم، قىزىلقاغا قاتارلىق مىڭئۆيلەرنىڭ قېزىلغان دەۋرى بىر قەدەر قەدىمىي، دائىرىسى كەڭ، رەسىملەرنىڭ ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، بۇ غارلارغا سىزىلغان تام رەسىملىرى قەدىمكى كۇسەن خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە سەنئەت ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا يارالمىش قىسسىلىرىدىكى ئوبرازدىن باشقا يەر-

لىك خەلقلەرنىڭ ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرگەن رەسىملەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۇسەن خەلقىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملەر ئۆز دەۋرىدىكى كۇسەنلىكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبە بولىدۇ. قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 67 ـ ، 69 ـ ، 171 ـ ، 175 ـ ، 199 ـ ، 205 ـ نومۇرلۇق غارلىرى، قومتورا مىڭئۆيىنىڭ 23 ـ نومۇرلۇق غارى، 75 ـ ، 79 ـ نومۇرلۇق غارلىرى، قىزىلقاغا مىڭئۆيىنىڭ 11 ـ ، 14 ـ نومۇرلۇق غارلىرىدا كۇسەن خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەم ھەر خىل تەبىقىلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرىنىڭ سىپتىلىقى، پاسونىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىر قارىماققا 18 ـ ، 19 ـ ئەسىرلەردىكى ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدىنمۇ پاسونلۇق ۋە رەڭدار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بىز 7 ـ ئەسىرلەردىكى كۇسەنلىكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىدىكى مەدەنىيلىكنىڭ خۇلاسىسىدىن ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن ئىپتىخارلىق تۇيغۇغا چۆمۈلىمىز.

قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 69 ـ غارىدىكى كۇسەن خانى بىلەن خانىشىنىڭ كىيگەن كىيىملىرىنى كۆرگەن ئادەم ئۇنى بۇنىڭدىن 1000 يىللار قەدىمكى كىيىملەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. كۇسەن خانىنىڭ بېشى ئەتراپىغا باش نۇر ھالقىسى سىزىلغان بولۇپ، بۇ نۇر ھالقىسى ئىچىدە بېغىررەڭ سىياھ بىلەن يېزىلغان كۇسەن يېزىقىدىكى بىر قۇر بېغىشلىما بار. خان ئۇزۇن چاچ قويغان بېشىغا تاج تاقاپ، ئۇستىگە بۆك كىيگەن. ئۇچىسىغا يوللۇق رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇن تون كىيگەن. تونىنىڭ ئىچىگە ئويما ياقىلىق، ئۇزۇن يەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن. ئۇنىڭ تونىنىڭ ياقىسى تونچە، يېڭى قىسقا بولۇپ، جەينىكىنىڭ ئۇستىگىلا كەلگەن. يەڭ ئۇچى كانايچە شەكىلدە چىقىرىلغان بولۇپ، تونىنىڭ ياقا قىسمىدىن تارتىپ ئالدى پەش، ئاياغ پەش ۋە يېڭىنىڭ پۇشقىقىغا ناھايىتى چىرايلىق گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان. بېلىگە مېتال ھالقىلار بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ ياسالغان شاھانە كەمەر باغلانغان بولۇپ، كەمەرگە غىلاپلىق خەنجەر ئېسىۋالغان. بۇ خىل كىيىنىش ھالىتى «كونا تاڭنامە غەربىي روڭلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ كۇسەن ئېلى بابىدا خاتىرىلەنگەن مۇنۇ بايانلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە: «كۇسەن بەگلىكىدىكى ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەممىسى قىسقا چاچ قويىدۇ. پەقەت كۇسەن خانىنىڭ چېچىلا قىسقا چاچ ئەمەس. ئۇلارنىڭ خانلىرى بېشىغا كىمخاپتىن ئىشلەنگەن بۆك، ئۇچىسىغا دۇردۇندىن ئىشلەنگەن تون كىيىپ، بېلىنى ئالتۇن كەمەر بىلەن باغلايدۇ. ئالتۇن شىر تەختتە ئولتۇرىدۇ». بۇنىڭدىن قارىغاندا خانىنىڭ بېلىگە باغلىغان ھالقىلىق كەمەر ئالتۇن كەمەر بولسا كېرەك. خانىشىنىڭ قىياپىتىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭغىمۇ باش نۇر ھالقىسى سىزىلغان. خانىشىنىڭ قۇلىقىغا ھالقا، بويىنىغا زەنجىر ئېسىلغان، ئۇچىسىغا باشچىلاپ كىيىدىغان قىسقا يەڭلىك كالتە چاپان كىيگەن. بۇ چاپان شۇنچىلىك «مودا» بولۇپ، پاسونى شۇنداق يارىشىملىق، بەل قىسمى تار بولۇپ، خانىشىنىڭ بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن. ئۇنىڭ يېڭى كالتە، ياقىسى يۇمىلاق ئويما ياقا بولۇپ، يەڭنىڭ جىيىكى، ئالدى ـ ئارقا پېشى ۋە ياقىسىغا گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان. چاپاننىڭ ئىچىگە ئۇزۇن يەڭ، ئۇچى بوغما، كەڭرەك ئېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، كۆڭلەكنىڭ ئېتىكى كەڭ، پۈرمە شەكىللىك كۆرۈنىدۇ. بولۇپمۇ خانىشىنىڭ باش كىيىمى تولىمۇ سالاپەتلىك بولۇپ، چاقماق تور شەكىللىك شلەپە، شلەپىنىڭ پېشانە تەرىپىگە نەقىش ئىشلىنىپ، ئۈچ كۆز قويۇلغان. ئىككى يانىدىكى تۆگمە شەكىللىك كۆزدىن ئىككى يانغا ئىككى تال قۇش پېيى



زىرغىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن. بولۇپمۇ
ئۇچلۇق تۇماق ۋە ئۇچلۇق بۆكلەردە بۇ خىل ئورتاقلىق
روشەن ساقلىنىپ قالغان. كۇسەن ئاددىي پۇقرالىرى ئا-
ساسەن ئۇچلۇق بۆك، جىيەكلىك ئۇچلۇق تۇماق، ئالدى
ئوچۇق، ئىككى يېنى قايرىما قالپاق قاتارلىق باش كى-
يىملەرنى كۆپرەك كىيگەن.

يۇقىرىقى مەلۇماتتىن مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدى-
لىكنى ھېس قىلىمىز: بىرى، ئەرلەر قالپاقنىڭ چۈشۈپ
كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ساقالدۇرۇق يىپەك
رەختتىن مەخسۇس توقۇلغان. يەنە بىرى، ئاياللار پۈر-
كەنچىسى ئۈچۈن بوغقۇچ ئىشلىتىش ئادىتى بولغان. دې-
مەك، ھازىر ھەرخىل كەسپىي باش كىيىملەر ئۈچۈن قول-
لىنىۋاتقان ئېگەكباغ بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار
بۇرۇنلا ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇت ئىدى.

ئىچكى ۋە تاشقى كىيىم ئۆرنەكلىرى: «دىۋان»دا
تاشقى كىيىمنىڭ مۇنداق بىر قانچە خىلى تونۇشتۇرۇلغان:
«ئىچۈك ـ ئوچۇك، بۇلغۇن، سۆسەر ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاشلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا» (1 ـ توم،
93 ـ بەت).

«قارس» يۇڭ چەكمەن چاپان، «تۆگە ياكى قوي
يۇڭىدىن ئىشلەنگەن كىيىم» (1 ـ توم، 453 ـ بەت).

ئۇنىڭدىن باشقا ئالىم «ئىچكىلدى» بېيىتىنى ئى-
زاھلاپ: «ئۇ، تونىنى ئىچكىلدى، يەنى توننىڭ ئىچىگە
بۇلغۇن، تىيىن تېرىلىرىدىن ئىچلىك قىلدى» (1 ـ توم،
104 ـ بەت) دېگەن.

بۇلارغا يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىلغا ئالغان «قاماجۇ-
ۋا» مەلۇماتنى قوشۇپ تەسەۋۋۇر قىلغاندا، ئۇيغۇر
خەلقى تاشقى كىيىمگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن بولۇپ،
ھەر خىل ھايۋان تېرىلىرى ۋە يۇڭلىرىدىن قىممەتلىك
كىيىملەرنى ئىشلىگەن. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئى-
گىلىكىدە چارۋىچىلىقنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقى بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىراق بىز مەھمۇد قەشقەرى تىلغا
ئېلىپ ئۆتكەن تاشقى كىيىمنىڭ بىر قانچە تۈرى بىلەن
ھەرگىزمۇ قانائەت قىلالمايمىز. ئۇ پەقەت ئۆرنەك ئۈچۈن
كەلتۈرۈلگەن ئۈلگە بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى
تاشقى كىيىملەرنىڭ بىر پۈتۈن ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ




قويۇلغان بولۇپ، پەي تىك ئەمەس ئىككى ياققا قارىتىل-
غان. ئۇ، باش كىيىمنى تولىمۇ كۆركەم تۈسكە كىرگۈزگەن.
ئۇنىڭدىن باشقا كۇسەن يۇقىرى تەبىقە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ
سىماسى ئەكس ئەتكەن رەسىملەردىكى كىيىنىش تېخىمۇ
ھەيۋەتلىك، تېخىمۇ پاسونلۇق بولۇپ، كىيىملەرگە ئاجا-
يىپ بېزەكلەر بېرىلگەن. ياقىلىرى قايرىما ياقىلىق، بە-
زىلىرىنىڭ بىر تەرىپى تونچە، بىر تەرىپى قايرىما، ھەم-
مىسى دېگۈدەك بېلىگە كەمەر باغلاپ، خەنجەر ئاسقان،
بەزى تونلارنىڭ مۇرىلىكى بار بولۇپ، ئىككى دولىدىن
قاناتتەك چىقىپ تۇرىدۇ. غاردىكى رەسىملەردىن كۆرۈن-
گەن سىمالارنىڭ باش كىيىملىرى ھەر خىل، ھەر ياڭزا
بولۇپ، ئۇزۇن ئۇچلۇق تۇماق ۋە بۆكلەر ئاساسىي ئو-
رۇندا تۇرىدۇ. بۇنداق باش كىيىملەردىن بىر ـ بىرىگە
ئوخشاپ كەتمەيدىغان ھەر خىل پاسونلۇق باش كىيىم-
لەردىن 20 خىلدىن ئارتۇقراقىنى كۆرۈش مۇمكىن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەر-
يانىدا بايقالغان كىيىم ـ كېچەكلەر ئىچىدە ئەرلەرنىڭ،
ئاياللارنىڭ ۋە باللارنىڭ باش كىيىملىرىنىڭ تۈرىمۇ
خېلى كۆپ بولۇپ، ئىنچىكە سېلىشتۇرغاندا، بىر تەرەپتىن
تارىخىي ۋارىسلىقنىڭ ئىزچىللىقىنى بايقىساق، يەنە بىر
تەرەپتىن كۆپ جەھەتتە ئورتاقلىقلارنىمۇ بايقايمىز. باش
كىيىمگە پەي قىستۇرۇش كۇسەن ئاياللىرىنىڭ باش كى-
يىملىرىدە ئەكس ئېتىپلا قالماستىن بەلكى كىگىز تۇماقنىڭ
ئۈستىگە پەي قاداش ئادىتى قەدىمكى كۆنچى دەريا ۋا-
دىسىدا ياشىغان كىشىلەردىمۇ بولغان ⑤ . كۇسەن غار
رەسىملىرىدىكى بەزى باش كىيىملەرنىڭ ئەنئەنىسى ھا-

بېرەلمەيدۇ. بىز يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى بۇددا غارلىرىغا سىزىلغان تام سۈرەتلىرىگە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرساق، 5 ـ ئەسىردىن 7 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىگە مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك ئۇلگىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. بۇنىڭدا بىز يەنىلا كۇسەن مىڭئۆيلىرىگە سىزىلغان ئۇيغۇر ساخاۋەتچىلەرنىڭ كىيىنىش ئالاھىدىلىكىگە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرىمىز.

كۇسەنلىكلەرنىڭ تاشقى كىيىملىرىدە تۇزلا، ئاددىي پاسونىدىكى كىيىملەرنى ئانچە ئۇچراتمايمىز. كۇسەن بۇددا غارلىرىدا ئەكس ئەتكەن رەسىملەردىكى كىيىملەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك ناھايىتى پاسونلۇق بولۇپ، توننىڭ پەشلىرىگە كەشتە تىكىلگەن ياكى گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان. توننىڭ ياقىسى تونىچە بولسۇن، قايرىما ياقا بولسۇن ئىنتايىن كۆركەم، رەڭدار ئىشلەنگەن. توننىڭ كۆپىنچىسى ئۇزۇن بولۇپ، تىزغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. بەزىلىرى تىز بىلەن يوتا ئارىلىقىدا تىكىلگەن. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك توننىڭ ئۈستىدىن چەمبەرلىك ھالقىلاردىن چېتىلغان كەمەر باغلىغان. ئاندىن پۇقرالار پوتا باغلىغان. پوتا باغلىمىغان ئەرلەر ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ. ياقىسىنىڭ سول تەرىپى تونىچە، ئوڭ تەرىپى قايرىما بولغان تونلارنىڭ بەزىلىرىگە دەل قايرىما ياقىنىڭ بۇلۇڭ چىققان يېرىدىن يەنە بىر قوشۇمچە پاسون چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ 30 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، بەش سانتىمېتىر كەڭلىكتە ياقىنىڭ نەقشى بىلەن ئوخشاش قىلىپ بىر تاسما تارتىلغان. تونىنىڭ بەزىلىرىنىڭ يېڭى جەينەكنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، كانايچە، بەزىلىرى بىغىشقىچە كەلگەن بولۇپ، بوغما قىلىپ جىيەك تۇتۇلغان. بىلەككە لىقلا كېلىدۇ. تون تىكىلگەن رەختلىرىمۇ ناھايىتى كۆركەم بولۇپ، ئاساسەن گۈللۈك، چاقماق ۋە يوللۇق، ناھايىتىمۇ سالاپەتلىك بولۇپ، ھەقىقىي ئەرلەرگە خاس جاسارەت ۋە قايىللىق نامايان قىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك بەلۋاغقا خەنجەر ئاسقان. بەزىلىرى قىلىچ ئاسقان. مېنىڭ ھېسسىياتىمدا كۇسەنلىك ئاشۇ ئەرلەر قىياپىتى بىلەن 21 ـ ئەسىردىكى مودا كىيىملەر سەھنىسىگە چىقسا جاھان مودا كىيىم ساھەسىنى زىلزىلىگە سېلىۋېتىشى مۇمكىن. ھازىرقى ئۇيغۇر ئەرلىرى ئاشۇ ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ سىماسىنى كۆرگەندە، ئۇلاردىكى جاسارەت، مەردانىلىقنى بايقىغاندا، ئۆزلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى جەھەتتە قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تولىمۇ كەينىدە قالغانلىقىنى ئەپسۇسلىنىش بىلەن تىلغا ئېلىشى مۇمكىن.

ھەقىقەتتىنى ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى قاراخانىيلاردىن كېيىن زور دەرىجىدە چېكىنىش باسقۇچىغا كىرگەن. بۇنداق چېكىنىش توپتوغرا سەككىز ـ توققۇز ئەسىر داۋاملىشىپ، ئۇيغۇرلار مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ياتلاشقان. بىرى، ئەرەبلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتىنىڭ تەسىرىگە خېلى ئۇچرىغان؛ ئىككىنچىسى، تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرىدە كولا، جەندە كىيگۈچىلەرمۇ ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ جەزبىدار قىياپىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتكەن؛ پەقەت قىسمەن رايونلاردا ئوخشىمىغان شە-





كىلدە بىر قىسىم ئەنئەنىۋى كىيىملىرىمىز ساقلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن كۇسەن، قوچۇ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يۈكسەك مەدەنىيلىك ئەكس ئەتكەن تاشقى كىيىم ئۆرنەكلىرى بىزدىن مىڭ ۋە مىڭ بەش يۈز يىل يىراق كەينىمىزدە قېپقالغان. كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇ يارقىن، جەلپكار كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمىدۇق.

**ئىچكى كىيىم ئۆرنەكلىرى:** «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىچكى كىيىم تۈرلىرىگە ئائىت مۇنداق بىر قانچە ئۆلگىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بىرى، بىز ھازىر «جىلىتكە» دەپ ئاتايدىغان ئىچكى كىيىم بولۇپ، ئەرلەرنىڭ جىلىتكىسى «ئىچمەك» دەپ ئاتالغان. ئۇ «تىرە جىلىتكە» دەپ ئىزاھلانغان. ئاياللار كىيىدىغان جىلىتكە «ئارتىغ» دېيىلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1 ـ توم، 653 ـ بېتىدە قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىچكى كىيىمىنىڭ بىر خىلى بولغان «باغىرداق» تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ھەقتە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «باغىرداق» دەپ ئاتالغان ئاياللار ئىچكى كۆكرەك كىيىمى ھازىر كۆپىنچە چەتتىن كىرگەن ئاتالغۇ بىلەن «لىپتىك» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر «لىپتىك»نى ياۋروپادىن قوبۇل قىلىنغان مەدەنىيەت دەپ قاراپ كەلدى. خەنزۇ تىلىدىكى بەزى ماتېرىياللاردىمۇ لىپتىك 19 ـ ئەسىر ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى، دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. خارбىن نەشرىياتى نەشر قىلغان «دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى بار» دېگەن كىتابتا: «لىپتىك»نى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىدا پەيدا بولغان. ئۇنى ئامېرىكىلىق لىنكولىن خانىم كەشىپ قىلغان دەپ يازغان. ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «لىپتىك» ھەققىدىكى مەلۇمات يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ تامامەن ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان «باغىرداق» بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان «لىپتىك»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، مەنە ۋە ئۇقۇم جەھەتتە ئاجايىپ ئۇيغۇنلۇق ئىپادە قىلىنغان: «باغىرداق» سۆزى سۆز تومۇرى، «باغىرى»غا «داق» قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان بولۇپ، بۇ يەردىكى «باغىر» ھازىر قوللىنىۋاتقان «باغرىم، كۆكرىكىم، قەلبىم»دىكى «باغىرى»نىڭ ئۆزى، «داق» بولسا ئىسىم ياساش قوشۇمچىسى. بۇ خۇددى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىمىزدا قوللىنىۋاتقان «شىرداق، قورداق، ياسداق» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش. كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، «باغىرداق» قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كۆكرىكىگە تارتىدىغان ئىچكى كىيىم ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. بۇنىڭدىن بىز باغىرداقنىڭ ئەڭ دەسلەپ قانداق ئېھتىياج ئاساسىدا پەيدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا خېلى قەدىمكى دەۋرلەردىلا بارلىقىغا كەلگەنلىكىنى بىلىمىز.

**ئاياغ كىيىم:** ئاياغ كىيىم باشقا كىيىم تۈرلىرىگە قارىغاندا، نىسبەتەن كېيىنرەك پەيدا بولغان تۈر. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى خېلى تەرەققىي قىلغان تارىخىي دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئاياغ كىيىم يەرگە دەسسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن خېلى پۇختىلىق، سەنئەتلىك ۋە نىسبەتەن يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدۇ.

ئاشلانغان ھايۋان تېرىلىرىدە ئاياغ كىيىم ئىشلەش ئىنسانىيەت ئاياغ كىيىم تارىخىدىكى مۇھىم بىر يۈكسىلىش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ھايۋان تېرىلىرىدە ئاياغ كىيىم ئىشلەش ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغانىكەن. ئۇيغۇرلار قەدىمكى

uyghurkitap.com



دەۋرلەردىلا ھايۋان تېرىسىدىن ئاياغ كىيىم تىكىپ كىي-
گەن. بۇنداق بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشى،
ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىشقا بۇرۇن ئۆتكەنلىكى، چارۋىچى-
لىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغانلىقىدەك ئىجتىمائىي ۋە تە-
بىئىي ئالاھىدىلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسا كې-
رەك.

پاكىتلار ئاساسىدا پىكىر قىلغاندا ئۆتۈك ئۇيغۇرلارنىڭ
دۇنيا كىيىم — كېچەك مەدەنىيىتىگە قوشقان مۇھىم تارى-
خىي تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. تېرىنى ئاشلاپ ئۇنىڭدىن
ئەرەنچە، ئايالچە ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈكلەرنى تىكىپ
كىيىش دەۋرىگە كىرگەن. 1979 — يىلى كۆنچى دەرياسى-
نىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىنى قېزىش ئار-
قىلىق دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ناھايىتى قىممەتلىك مە-
دەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئېرىشتى. بۇ قەبرىدىن «كرو-
ران گۈزىلى» دەپ ئاتالغان كروران مەلىكىسىنىڭ مومى-
ياغا ئايلانغان جەسىتى بايقالغان بولۇپ، بۇ ئايالنىڭ ئا-
خىرەتلىك كىيىم — كېچەكلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى
ئەجدادلىرىنىڭ كىيىم — كېچەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قى-
لىشنىڭ يېڭى دەرۋازىسىنى ئاچتى. بۇ ئايالغا كىيدۈرۈلگەن
ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئۆتۈك خېلى سىپتا ئىشلەن-
گەن بولۇپ، ھەتتا نەقىش چېكىلگەن. گەرچە بۇ مەدەنى-
يەت يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل دەۋرى 3800 يىل دەپ بې-
كىتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بىر كۈندىلا پەيدا بول-
مىغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. مۇشۇ بايقاشتىن كېيىن ئې-
چىلغان بىر يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شىنجاڭ ئارخېئو-
لوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقات خادىمى ۋاڭ بىڭخۇانىڭ
مۇنۇ پىكرى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ: مىكوۋىننىڭ
«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» دېگەن
كىتابىدا نىل دەرياسى ۋادىسى، ھىندى ۋادىسى، دىگرىس
— بۇخارىس ۋادىسى، شۇنداقلا خۇاڭخې ۋادىسى رايون-
لىرىدا ياشايدىغان قەدىمكى كىشىلەر ياغاچتىن ئىشلەنگەن
كەش كىيەتتى. تېرە ئۆتۈك كىيمەيتتى. ئۆتۈك ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ بولۇشى مۇمكىن دېيىلگەنىدى. بۇ كۆز قاراش
ھازىر مانا مۇشۇ تۇپراقتا ئىسپاتلاندى ⑥ .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستاندى-
لىقىدىن بايقالغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە ئۆتۈك
ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ قەبرىگە قويۇلغان جەسەت-
لەرنىڭ پۇتىدا ئۇزۇن قونچلۇق بۇغا تېرىسىدىن تىكىل-
گەن ئۆتۈك بار. ئايال جەسىتىنىڭمۇ پۇتىغا ئۆتۈك كىي-
دۈرۈلگەن. ئومۇمەن ئۆز دەۋرىدىكى مەركىزىي ئاسىيادا
تېرىدىن تىكىلگەن ئۆتۈك ئومۇملاشقان. بارا — بارا ئۇ
تېخىمۇ سىپتا، كۆركەم، زىغ — زىغ تۇتۇپ تىكىلىدىغان،
گۈللەر ۋە تەگلىكلەر بىلەن ئىشلىنىدىغان بولغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئاياغ كىيىم مەدەنىيىتى
ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى ۋە بەدىنىنى مۇھاپىزەت قىلىش
ئېھتىياجىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن. ئۇ دەۋردىكى
ئاياغ كىيىملەر ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك، ئۇيغۇنلۇق ۋە
نەپىسلىك ئۆلچىمى، جىنسىي ئايرىما ۋە كەسپىي ئالاھى-
دىلىك ئۆلچىمى، پەسىللەر ئۆلچىمى قاتارلىقلارغا مۇۋا-
پىقلاشتۇرۇش ئاساسىدا ئىشلەنگەن. بۇ دەۋردىكى ئاياغ
كىيىملەرنىڭ رەختى تولىمۇ سىپتا، تىكىلىشى پۇختا، كۆر-
كەملەشتۈرۈلگەن. «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن ئاياغ كىيىم
تۈرلىرى گەرچە بىر قانچە خىللا بولسىمۇ، ئۇ بىزنى ئەينى
دەۋردىكى ئۇيغۇر ئاياغ كىيىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى
توغرىسىدا بەلگىلىك تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلىدۇ.





مەھمۇد قەشقىرى «ئوغۇق» سۆزىنى ئىزاھلاپ مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: «ئۆتۈك ياكى مەسىنىڭ ئۇستىدىن كىيىدىغان تېرە پايپاق، يەختە، دەكتە» (1 ـ توم، 91 ـ بەت). بۇ بىزگە ئۈچ خىل ئاياغ كىيىم تۈرىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىرىنچىسى، ئۆتۈك؛ ئىككىنچىسى، مەسە؛ ئۈچىنچىسى، يۇقىرىقى ئىككى ئاياغنى ئاسراش ئۈچۈن ئىشلەنگەن تېرە پايپاق. ئاياغ كىيىمنىڭ بۇ خىل قوشۇمچە تۈرىدىن «يېشىم» دەپ ئاتىلىدىغان، سوغۇقتىن مۇداپىئە قىلىدىغان يەنە بىر خىلى بولغان. ئۇنى مەھمۇد قەشقىرى «سوغۇق ئۆتمەسلىك ئۈچۈن ئاياغ كىيىم ئۇستىگە تىزغىچە كىيىۋالىدىغان ئۆتۈككە ئوخشاش نەرسە» دەپ ئىزاھلىغان. ئاياغ كىيىمنىڭ قوشۇمچە تۈرلىرى ئاساسەن ئاياغ كىيىملەرنى ئاسراش ۋە بەدەننى مۇھاپىزەت قىلىش زۆرۈرىيىتىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسلىق كىيىملەرگە ئوخشاش يۇقىرى دەرىجىدىكى ئېستېتىك تەلەپ قويۇلمىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋان»دا «بۆكەم» دەپ ئاتىلىدىغان ئايالچە ئۆتۈك، «سامرا» دەپ ئاتىلىدىغان سىندەل كەش، «ئىزلىق» دەپ ئاتىلىدىغان چورۇق تونۇشتۆرۈلغان. «دىۋان»دا ئاياغ كىيىمنى زىننەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «تىزىلدۇرۇق» دېگەن زىننەت بۇيۇمى تونۇشتۇرۇلغان: «تىزىلدۇرۇق ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇقىغا زىننەت ئۈچۈن تاقىلىدىغان تەڭگىلەر» (1 ـ توم، 686 ـ بەت). بۇلار، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئاياغ كىيىملىرىنىڭ كۆپ خىللىقا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى تېخمۇ نەپىسلىك ئۆلچىمىگە ئىگە بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز بۇ يەردە يەنە ئۆتۈك ۋە كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە تەسىر قىلىدىغان ئۆتۈككە پېتەك سېلىش مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز. بۇ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى يەنە بىر يۈكسىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

دۇنيادىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بار. بىراق مەدەنىيەتنىڭ سىلىشتۇرمىسىدا قايسىسىنىڭ يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بۇلارنىڭ ئادەتتىكى كىيىم ـ كېچەكلىرى ياخشى يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. ئۇلار ئىشتان كىيەتتى، چاپان كىيەتتى ياكى ئالدىغا يوپۇرماق تارتاتتى دېيىش بىلەنلا، نازۇك پەرقىنى تېپىپ چىققىلى بولمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، پېتەك مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىدىكى يۇكسەكلىكنى يەنە بىر ئىنچىكە تەرەپتىن يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر ئەينەك دەپ قارىدىم. ئىنسانىيەت قاچاندىن بېرى ئاياغقا پېتەك سېلىپ كىيىدىغان مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن بولغىيتتى؟ دېگەن سوئالغا ھېچكىم ئېنىق ۋە كونكرېت جاۋاب بېرەلمەسلىكى مۇمكىن.

نۇرغۇن تارىخىي كىتابلاردا ۋە مەن كۆرگەن مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىگە ئائىت ئەسەرلەردىمۇ بۇ ئىش تىلغا ئېلىنماپتۇ. بۇ خىل مەدەنىيەتنى تىلغا ئېلىپ ساناشقا ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىدىمۇ ياكى ئۇ ئەللەردە، ئۇ زامانلاردا ئۇنداق مەدەنىيەت ھادىسىسى تېخى بارلىققا كەلمىگەنمۇ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. بىراق مەن شۇنى بىلمەنكى، ئۆتۈككە پېتەك سېلىش مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۆتۈك كىيىش مەدەنىيىتىدىن بەلكىم نەچچە ئەسىر كېيىن بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت بولۇشى مۇمكىن. 19 ـ ، 20 ـ ئەسىرلەردە يالاڭ ئاياغ بولۇپ قالغان بۇ مىللەتنىڭ قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىنسانلارنىڭ خېلى نۇرغۇنلىرى ئۆتۈك ئەمەس، تېخى كىيىم كىيىش مەدەنىيىتى باسقۇچىغا

www.uyghurkitap.com



كىرىشتىن خېلى بۇرۇنلا ناھايىتى يۇكسەك كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى دەۋرىگە كىرگەن ئىكەن.

ئاياغقا پىتەك سېلىپ كىيىش ئادەتتىكى مەدەنىيەت ھادىسىسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر قېتىملىق زور بۆسۈش ھېسابلىنىشقا تېگىشلىك چوڭ بىر قەدەم. بىراق بىز بۇ قەدەمنىڭ تارىخىمىزنىڭ قايسى ئىرالىرىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئۇقمايمىز. بۇنىڭغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىمۇ بۇ خىل مەدەنىيەتكە ئائىت بىرەر ماددىي پاكىت ئۇچرىمىدى. بىز تاسادىپىي ھالدا قەدىمكى قوچۇدا بارلىققا كەلگەن بىر كۇپلېت شېئىردىكى «ئولياق» دەپ ئاتالغان بىر ئۇقۇمنى بايقاپ قالدۇق.

ئەردەملىگ كىشى ئەردەنى بىرلە تۈز ئول،

ئەردەمسىز كىشى ئۆتۈك ئىچىدىكى ئولياق بىرلە تۈز ئول.

(پەزىلەتلىك كىشى گۆھەر بىلەن تەڭ، پەزىلەتسىز كىشى ئۆتۈك ئىچىدىكى پىتەككە تەڭ).

يۇقىرىقى شېئىرىي پارچە، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقتا قانداق ئۆلچەم پوزىتسىيىسىدە بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئەخلاق تېمىسىغا بېغىشلانغان بىر پارچە ئىدى. بۇ پارچىنىڭ «ئولياق»، يەنى پىتەك دېگەن ئۇقۇمنى شېئىرنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىيلىك ئېھتىياجىدىن تىلغا ئالغان. ئەگەر بۇ ئۇقۇم تىلغا ئېلىنمىغان بولسا، بىز ھازىرقى زاماندىكى ئاياغ كىيىم ئىچىگە پىتەك سېلىشتىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرىنى باشقا مىللەتلەردىن قوبۇل قىلغان دېگەن پەرەزلەردە بولغان بولاتتۇق. بىز كۆردۇقكى، 10 ـ ، 13 ـ ئەسىرلەردىلا ئۇيغۇرلار ئۆتۈككە پىتەك سېلىپ كىيىش مەدەنىيەت باسقۇچىغا كىرىپ بولغان ئىكەن. شۇنداق بىر ئۇقۇمنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، بىزگە شۇنداق بىر يېڭى شەيئىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىراق بىز بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇيغۇرلاردا قايسى زامانلاردا پەيدا بولغانلىقىنى كونكرېت دەلىللەشتە ماددىي پاكىتقا ئىگە ئەمەسمىز. بىز شۇنى قىياس قىلالايمىزكى، پىتەك مەدەنىيىتى قايسى مىللەتتە ئۆتۈك بۇرۇن پەيدا بولغان بولسا، شۇلارغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئۆتۈك بارلىققا كەلمىگەن مىللەتلەردە پىتەك بارلىققا كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى ئىنسانىيەت كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيەت مۇساپىسىدە پىتەكتىن ئىبارەت مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى ۋە ئىنسانىيەت كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئۈچۈن بىر يېڭىلىقنى ئاتا قىلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق.

**قوشۇمچە كىيىملەر:** قوشۇمچە كىيىملەر ئاساسلىق كىيىملەردىن نىسبەتەن كېيىنرەك پەيدا بولغان تۈر. ئۇ، ئاساسلىق كىيىملەرنىڭ ياردەمچىسى، ئاسرىغۇچىسى ۋە تولۇقلىغۇچىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئاساسلىق كىيىملەرگە ئوخشاشلا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مۇھىم بىر بەلگە سۈپىتىدە رول ئوينىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، قوشۇمچە كىيىملەرنىڭ كۆپ خىللىقى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇمچە كىيىم تۈرلىرى كۆپ خىللىقا ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. «دىۋان»دا قاراخانىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق قوشۇمچە كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرىگە كىرىدىغان ئۆرنەكلەردىن بىر قانچە خىلى تىلغا ئېلىنغان





بولسىمۇ، ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ساھەدىكى بىر پۈتۈن مەدەنىيەت ساپاسىدىن گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ.

«دىۋان»دا تونۇشتۇرۇلغان قوشۇمچە كىيىم تۈرلىرى ئىچىدە «يالما» (يامغۇرلۇق) ھەققىدىكى ئىزاھات خېلى مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مەلۇمات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىزاھاتتىكى خاھىشتىن قارىغاندا «يالما» دەسلەپ قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا پەيدا بولغانمۇ ياكى پارسلار ئارىسىدا پەيدا بولغانمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بەزى تالاش ـ تارتىشلار بولغان بولسا كېرەك. مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئىلمىي مەسىلىگە نىسبەتەن مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «يالما ـ يامغۇرلۇق، يېپىنچا، پارسلار بۇنى تۈركلەردىن ئېلىپ، ‹يەلمە› دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. ئەرەبلەر پارسلاردىن ئېلىپ ‹يەلمەق› شەكلىدە قوللىنىدۇ. ئەرەبلەر ‹ھ›نى ‹ق›غا ئايلاندۇرغان. بۇ خۇددى ئەرەبچىدە ‹كەندە› سۆزىنى ‹خەندەق›، ‹يەرە› سۆزىنى ‹يەرەق› دېگەنگە ئوخشاش. ئەرەب شائىرلىرىدىن دوررىممەنىڭ «كىم لەننەۋ مۇتەقەببى يەلمۇقەن» مىسراسىدا بۇ سۆز ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن. ھېچكىم بۇ سۆزنى تۈركلەر پارسلاردىن ئالغان دېيەلمەيدۇ. چۈنكى، مەن بۇ سۆزنى ئەڭ يىراق چېگرادا ياشىغۇچى قارا تۈركلەردىنمۇ ئاڭلىغانىدىم. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قار ـ يامغۇر كۆپ ياغقاچقا، ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندىمۇ يامغۇر يېپىنچىلىرىغا كۆپرەك موھتاج ئىدى» (3 ـ توم، 44 ـ بەت).

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇقىرىقى مۇلاھىزىسى تەتقىقات خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ئۇ يامغۇرلۇق كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا پەيدا بولغانلىقى ۋە قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىن پارسلارغا ۋە ئەرەبلەرگە تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يامغۇرلۇقنىڭ تۆۋەندىكى تۈرلىرى ھەققىدىكى بايانلارمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «ياڭالدۇرۇق» سۆزىنى ئىزاھلاپ مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: «ياڭالدۇرۇق ـ يامغۇرلۇق بۆك. يامغۇردىن ۋە شىۋىرغاندىن ساقلىنىش ئۈچۈن يامغۇرلۇققا تىكىپ قويۇلغان كىگىز قالپاق» (3 ـ توم، 530 ـ بەت). يەنە «ياپتاچ» سۆزىنى ئىزاھلاپ مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «ياپتاچ ـ كېپىنەك تون. پادىچىلار قار ـ يامغۇردىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېپىنىۋالىدىغان يەڭسىز تون» (3 ـ توم 50 ـ بەت). ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇغۇر تېرىسىدىن ئىشلىنىدىغان يامغۇرلۇق «كەمەك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل گۈللۈك يىپ رەختتە يېپىنچا قىلىنىدىغانلىقى ۋە قىپچاقلارنىڭ بۇنىڭدىن يامغۇرلۇق تەييارلايدىغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىلگەن. بۇلار قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قوشۇمچە كىيىم تۈرلىرىدىن يامغۇرلۇق ۋە يېپىنچا كىيىملەرنىڭ ئېھتىياجغا مۇناسىپ ھالدا ھەرخىل شەكىللەردە بولغانلىقى ۋە نىسبەتەن تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەڭ دىققەتكە سازاۋەر مۇھىم بىر ئىش شۇ بولغانكى، ھازىرقى زاماندا مودا بولۇۋاتقان يەڭسىز كېپىنەك تون قەدىمكى ئۇيغۇر پادىچىلىرىنىڭ خاس كىيىمى بولغان. ھازىرقى بۆكلۈك يامغۇر، شامال كىيىمى دەۋرىمىزدىن 1000 يىل بۇرۇنلا ئۇيغۇرلاردا بولغان. «دىۋان»دا بېرىلگەن كىيىم تۈرلىرىدىن يەنە «ئەلىكلىك» دەپ ئاتالغان قولقاپ ـ پەلەينىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، «ئەتىكلىك» دەپ ئاتىلىدىغان ھازىرقى ئىستېمال بويىچە «پەشتامبال» دەپ ئاتالغان كاسىپلارنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ كىيىمىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئىشتا ۋە ئاشخانىدا كىيىلىدىغان ئالدى

ئېتەكلىك كىيىمنىڭ پەيدا بولۇپ قوللىنىلغانلىقى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغان مۇھىم پاكىتلار ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ئائىلىۋى تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن باغلانغان قوشۇمچە تۈرلەر بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىدە ئېستېتىك ئېھتىياجدىن مۇستەسنا ھالدا بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن كەشىپ قىلىنغان. ھازىرقى دەۋردە پەلەي مەلۇم مەندە ئېستېتىك ئېھتىياج بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشتا قوللىنىلىدىغان بولدى.

**كەسپىي كىيىملەر:** قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئاۋامنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى باشقىچە بولغان ھالدا، كەسپىي كىيىم ـ كېچەكلەر پەرقلەندۈرۈلگەن. «دىۋان»دا كەسپىي كىيىملەرنىڭ ھەممە تۈرلىرى ئەمەس بەلكى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم تۈرلىرى تونۇشتۇرۇلغان. ھەربىي كىيىم تۈرلىرىدىن بىر قانچە خىلدىنلا ئۇچۇر بېرىلگەن.

قەدىمكى زامان ئادەتلىرىگە قارىغاندا، كىيىم ـ كېچەك يالغۇز بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئومۇمىي كىيىم ـ كېچەك ئادەتلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس، ئۇ چاغلاردا يەنە ھەرقايسى تەبىقىلەر، ھەرقايسى يۇقىرى ـ تۆۋەن مەرتىۋىلىكلەر ۋە ھەر خىل ئورۇن، كەسپتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىلەنگەن كىيىم ـ كېچەك پاسونلىرى بولغان. بىراق، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك پەرقلەر بويىچە قانداق كىيىم پاسونلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن مەرتىۋىسى، كەسپىنى پەرقلەندۈرگەنلىكى ھەققىدە ماددىي ئاساسلار يېتەرلىك ئەمەس. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بېرىلگەن بەزىبىر ئۆرنەكلەر ئارقىلىق قىسمەن مۇھىم مەسىلىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى «چەكرەك قاپا» سۆزىنى ئىزاھلاپ، ئۇنىڭ يۇڭ رەختتىن ئىشلەنگەن يانچۇقسىز تون ئىكەنلىكى، ئۇنى پەقەت قۇللارلا كىيىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇن، مەرتىۋە كىيىملىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن. مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھەربىي كىيىم ـ كېچەكلەر دەۋرىنىڭ تەلىپى ۋە تەقەززاسىغا ئۇيغۇن ھالدا ناھايىتى مۇستەھكەم ۋە پۇختا ئىشلەنگەن. مەسىلەن، بۇ تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇرلاردا تۆمۈر قالپاق، تەڭگىلىك ۋە زەنجىرلىك ساۋۇتلار ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. مەھمۇد قەشقىرى «ئاشۇق» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «جەڭلەردە كىيىدىغان زەنجىرلىك ۋە تەڭگىلىك ساۋۇتلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئىشلىتىلىدىغان ئورتاق ئىسىم. بۇلار پەرقلەندۈرۈلۈپ، زەنجىرلىك ساۋۇت ‹كۆپە يارىق›، تەڭگىلىك تۆمۈر ساۋۇت ‹ساي يارىق› دېيىلىدۇ» دەيدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇيغۇرلاردا دۇبۇلغىنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان بىر خىل باش كىيىم بولغان بولۇپ، «كەدۇك» دەپ ئاتالغان. مەھمۇد قەشقىرى ئۇنىڭمۇ دۇبۇلغىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

دېمەك، ئەينى تارىخىي دەۋردىكى ئۇرۇش ئالاھىدىلىكى ۋە قورال ـ ياراغلارنىڭ خىللىشىشىغا ئاساسەن ئۇرۇش كىيىملىرىمۇ مۇكەممەل دەرىجىدە خىللاشقان. قاراخانىيلار دەۋرىدە تۆمۈر قالپاق، دۇبۇلغا ۋە زەنجىرلىك، تەڭگىلىك تۆمۈر ساۋۇتلارنىڭ ياسالغانلىقى، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يۇقىرى سەۋىيە ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

يەنە بىر مەلۇماتتا، مەھمۇد قەشقىرى «يۇغرۇش» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «يۇغرۇش» تۈركلەردە ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىقىپ ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئادەم. پارس ۋە باشقىلارغا ھەرقانچە چوڭ سالاھىيەتكە ئىگە بولۇپ كەتسىمۇ بۇ ئۇنۋان بېرىلمەيدۇ. ئۇ خاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا قار ـ يامغۇر ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قارا يېپەك كۈنلۈك تۇتۇلىدۇ» (3 ـ توم 54 ـ بەت) دېگەن. ناھايىتى رو-





شەنكى، بۇنداق دەرىجە ۋە ئەمەل مەنسەپ كىيىملىرى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇردا تەشكىلاتىنىڭ مۇنتىزىملىق ۋە مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ناھايىتى مۇھىم بەلگىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ خۇسۇستا بىز يەنە «قۇتادغۇبىلىك»تىكى بىر قىسىم غۇۋا ئۇچۇرلارغا ھەم مۇراجىئەت قىلىمىز. ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ شاھلىرى قانداق كىيىنگەن بولغىيتتى، شاھلىق تاجى قانداق بولغىيتتى، دېگەن مەسىلە ھەممە ئادەمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. بىراق بۇ خۇسۇستا بىزگە تېخى مۇھىم، كۆرۈنەرلىك خاراكتېرگە ئىگە ماددىي پاكىت تېپىلمىدى. خەلق ھېكايە ـ چۆچەكلىرىدە «ئالتۇن تاج» توغرىسىدىكى بايانلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن خەلق ئۆزىنىڭ شاھلىرىنى ئالتۇن تاجلىق ھالەتتە كۆرۈشكەن ۋە شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شاھنىڭ خاراكتېر ـ مىجەزى، ئەقىل ـ پاراستى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھلارنىڭ كىيىنىشى ھەققىدە ئاساسەن مەلۇمات بەرمىگەن. ئۇ بىر بېيىتتا مۇنداق بىر سۆزنى ئىشلىتىدۇ:

213 ياغىز يەر قاتىنداقى ئالتۇن تاش ئول،
قالى چىقسا بەگلەر باشىندا تۇش ئول.

ئالتۇن قوڭۇر يەر قېتىدىكى تاش ئىدى،
ئەنە شۇ تاش قېزىلسا پادىشاھلار بېشىدا تاج بولىدۇ.

بۇنىڭدىن بىز پادىشاھنىڭ شاھلىق تاج كىيىدىغانلىقى، تاجنىڭ ئالتۇندىن ياسىلىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز. قەدىمكى كۇسەن خانلىرى ئالتۇن شىرلىق تەختتە ئولتۇرغان، ئالتۇن كەمەر باغلىغان، ئالتۇندىن تاج كىيگەن. بۇ ئەنئەنە قاراخانىيلاردا داۋاملاشماسلىقى مۇمكىنمۇ، يەنە بىر باياندا:

1766 ئاياغ بەردى تامغا ئات ئۇستەم كەدۇك،
ئاغرلاردى ئاشنۇ تۆكەل بولدى قۇت.

بۇ بېيىتتىكى «كەدۇك» دېگەن سۆز ئىككى خىل مەنە بېرىدۇ. بىرى كىيىم، تون، يەنە بىرى، دۇبۇلغىنىڭ ئۈچىگە كىيدىغان يۇڭ بۆك. قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردىكى كىيىم ـ تون ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى كىيىم ئەمەس، مەخسۇس كەسپىي ئەمەل كىيىمى، بۇنىڭدىن قارىغاندا، باش كىيىممۇ ئەمەلدارلىق مەرتىۋىسىگە ئاساسەن مەخسۇس ئىشلەنگەن ئوتۇغات ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

بىز كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە ئەكس ئەتكەن ساخاۋەتچىلەرنىڭ ئىچىدە بېشىغا خاس ئەمەل ئوتۇغاتلىرىنى كىيىشكەن ئوبرازلارنى كۆرىمىز. ئۇ ئوتۇغاتلار يېپەك بوغقۇچى بىلەن ئېڭەكتىن بوغۇپ مۇقىملاشتۇرۇلغان.

مېنىڭ قارىشىمدا، بۇ ئوتۇغاتلار ئۆز دەۋرىدىكى كۇسەن ياكى قوچۇ ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ خاس ئەمەل كىيىملىرىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەت بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن ⑦ .

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ھەربىي كىيىملەردىن ساۋۇت دۇبۇلغىلار تونۇشتۇرۇلغان، دۇبۇلغىنىڭ ئالاھىدىلىكى تىلغا ئېلىنمىغان. پەقەت دۇبۇلغىنىڭ ئۈچىگە كىيىلىدىغان «كەدۇك» يۇڭ بۆك بىلەن، ساقالدۇرۇق (يەنى دۇبۇلغىنىڭ چۇشۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېڭەكتىن باغلىنىدىغان بوغقۇچ) تىلغا ئېلىنغان. بىز كۇسەن بۇددا غارلىرىغا سىزىلغان ياساۋۇللارنىڭ سىماسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملەردىن ئۆز دەۋرىدىكى، يەنى مىلادى 5 ـ ، 7 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمىز.

كۇسەن چەۋەندازلىرى ۋە ياساۋۇللىرى كىيگەن ھەربىي كىيىملەر ئىنتايىن ھەيۋەتلىك، ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ مەغرۇر، جاسارەتلىك، باتۇر قىيا-

پىتى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. دۇبۇلغىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك گۈمبەز شەكىللىك بولۇپ، ئۈستىگە قۇببە مۇنچاق قويۇلغان. بەزىلىرىنىڭ قۇببە مۇنچىقىغا تۇغ بېكىتىلگەن. دۇبۇلغىنىڭ ئىچىدە بىر ئىچلىك بولۇپ، ئۇ قۇلاقنى ئوراپ بويۇنغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. بۇ مەھمۇد قەشقىرى تىلغا ئالغان «كەدۈك» بولسا كېرەك. تىك ياقىلىق كىيىم كىيگەن بولۇپ، ياقا بويۇننى مۇداپىئە قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋۇت كىيگەن بولۇپ، ئۇ پەقەت كۆكرەكنى ئوراپ تۇرىدۇ. بىر قارىماققا ئۆرە ياقا بىلەن ساۋۇت بىر گەۋدىدەك كۆرۈنىدۇ. كەمەر باغلانغان ھەم ئۇزۇن دەستىلىك، غىلاپلىق ئۇزۇن قىلىچ ئېسىلغان بولۇپ، قىلىچنىڭ ئۇچى ھوشۇقىغىچە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ.

بىز يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ئوردا ئەمەل كىيىملىرى ۋە خاس ھەربىي كىيىملەر، ھەربىيلەرنىڭ ئەمەل دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلەندۈرىدىغان كىيىملەر بولغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. شۇنداق ئەھۋالدا بىز يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدەنمەي تۇرۇپ، پادىشاھقىمۇ، ۋەزىرگىمۇ، سەركەردىگىمۇ سەللە ئوراپ قويساق، تارىخىي چىنلىققا مۇخالىپ ئىش قىلغان بولىمىز. بولۇپمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە مىللىي ئەنئەنە تېخى ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە گۇمران بولۇش باسقۇچىغا كىرمىگەن. بۇ خىل يوقىلىش ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن ئاندىن يۈز بەردى.

كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بىر مىللەتنىڭ مىللىي سالاپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم بەلگە. يەنە بىر تەرەپتىن كىيىم ـ كېچەكمۇ گۈزەل سەنئەت نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، كىيىم ـ كېچەككە شۇ مىللەتنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرغانلىقى بىلەن سەنئەتلىك مۇجەسسەم قىلىنغان بولىدۇ. پاكىتلاردىن ئېنىقكى، ئۇيغۇر خەلقى مەيدانغا كەلتۈرگەن خېلى كۆپ نادىر كىيىم ـ كېچەك نەمۇنىلىرىنىڭ سەنئەتلىك قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئەرەن دۇنياسىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئۈچۈن بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بىز يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىمكى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن يۇقىرىقى بىر قىسىم ئۆرنەكلەر قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق كىيىم ـ كېچەك ئۇتۇقلىرىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. باشقا ماتېرىياللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە ئائىت بەزى ئۆرنەكلەر ھەم خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، فارابى ھەققىدىكى خاتىرىلەردە «زەربول» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇچى ئۇچلۇق ۋە ئەگمەك تۈركىي چورۇق تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن كەمەرگە بېكىتىلىدىغان كۈمۈش ياكى ئالتۇن توقا، ئىككى ياندىن تۈگمىلىنىدىغان تون، پاختىلىق تون، دېدەكلەرنىڭ پۆركەنچىسى قاتارلىق بەزى تۈرلەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بىز بۇ ھەقتە ئايرىم توختالمىدۇق. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زامانىمىزدىكى مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئارخېئولوگىيىلىك ئىزدىنىش بىلەن تارىخىي ئىزدىنىشنى بىرلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، خەلقىمىزگە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئالاھىدىكلىرىنى تونۇتۇشىمىز لازىم.

ئىزاھاتلار:

①ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 450 ـ بەت.

②قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

③«چىن» ئۇقۇمى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ چۈشەنچىسى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا قىتانلار قۇرغان لياۋ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق قىتانلار، سۇغدىلار، تابغاچلار، ئۇيغۇرلاردىن چىققان سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن بۇ «چىن» ماللىرى ئەسلىي جۇڭگونىڭ ماللىرى بولۇپ، قاراخانىيلار قىتانلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كەلتۈرەتتى. شۇڭا «دىۋان»دىكى «چىن» ئۇقۇمى بىلەن «جۇڭگو» ئۇقۇمىنى بىر دەپ قاراپ تەڭلىك بەلگىسى قويۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

④ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيەت تارىخى»، 134 ـ بەت.

⑤بىز بۇ مەلۇماتلارنى تەلئەت ئوبۇلقاسىم يازغان «كۆسەن تام رەسىملىرىدىن قەدىمكى كۆسەنلىكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە نەزەر» دېگەن ماقالىدىكى ئۆلگىلەردىن ئالدۇق.

⑥كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن قېزىلغان ئايال جەسەتنىڭ باش كىيىمىگە پەي قادالغان.

⑦قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 164 ـ بەت.



# كامالەت مەنزىللىرى

MIRAS

تەييارلىغۇچىدىن: شەيخ ئەھمەد ئىبن ھەجەر ئەلى ئەل ـ ئەسقەلانىي ھىجرىيە 772 ـ يىلى (مىلادىيە 1370 ـ 1371 ـ يىللار) مىسىرنىڭ ئەسقەلان دىيارىدا تۇغۇلغان. باللىق يىللىرى يېتىملىك مۇشەققەتلىرى ئىچىدە ئۆتكەن. شۇنداقتىمۇ يۇرتىنىڭ ئۆلىما ـ دانىشمەنلىرىدىن پۇختا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئەللامە سەخاۋىينىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئەسقەلانىي ھەدىس، پىقھ، ئەدەپ ـ ئەخلاققا دائىر 150 دىن ئارتۇق كىتاب ۋە رىسالە يازغان. ئۇ ھىجرىيە 852 ـ يىلى (1448 ـ 1449 ـ يىللىرى) ۋاپات بولغان.

مەزكۇر رىسالە ئەسلىي ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، 2004 ـ يىلى بېيجىڭ دىنىي مەدەنىيەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، خەنزۇچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

ئەسەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى «بىر جۈمىلىلىك ھېكمەتلەر»، «ئىككى جۈمىلىلىك ھېكمەتلەر» دېگەن تەرتىپتە ماۋزۇلارغا ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى ماۋزۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇننىڭ بەزى ھاللاردا ماۋزۇدا كۆرسىتىلگەن «بىر، ئىككى» دېگەندەك ئېنىق سانلىق تەلەپلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بەلكىم بۇ ماۋزۇلار ئەسلىدە ئەرەب تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ ئاپتور تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇشى، تەرجىمە جەريانىدا بۇزۇلغان بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، بىر تىلدا يېزىلغان ئەسەرنى يەنە بىر تىلغا تەرجىمە قىلىشتا «ئەلتۆكۈس» تەرجىمە قىلىش (بولۇپمۇ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىغا تولۇق ئەمەل قىلىپ تەرجىمە قىلىش) مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە ھېكمەتلەرنى سانلار بىلەن پەرقلەندۈرۈشنى لايىق تاپتىم. مەزمۇن جەھەتتىن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ياكى ھازىرقى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان ھېكمەتلەر قىسقارتىلدى.

ئەسەرنىڭ نامى خەنزۇچە تەرجىمىدە «ھېكمەتلەر» دەپ ئېلىنغان ئىكەن. ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە ئەسەر نامىنى «كامالەت مەنزىللىرى» دەپ ئېلىشنى لايىق كۆردۈم.

ئاپتور ئەسەرنى ئاساسەن ئۆزىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ياشىغان ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى تاللاش، رەتلەش ئاساسىدا يازغان بولۇپ، گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئارقىلىق مەنىۋى جەھەتتە كامالەتكە يېتىشتىن ئىبارەت مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ جەھەتتىن ئەسەر ھەجىم جەھەتتىن كىچىك بولسىمۇ، ياش ئەۋلادلارنى ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ساغلام تەربىيەلەشتە خېلى زور قىممەتكە ئىگە.

www.uyghurkitap.com



* * *

ھېرىس تۈپەيلى قىلىنغان گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈلۈشىگە ئۈمىد قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېزىشى ھېرىستىن بولغان.

* * *

كىبىر تۈپەيلى قىلىنغان گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈلۈشىگە ئەسلا ئۈمىد يوق. چۈنكى، شەيتاننىڭ گۇناھى كىبىردىن بولغان.

* * *

بىر پەيلاسوپ شۇنداق دېگەن:
كىچىك سەۋەنلىكنى تۆۋەن چاغلىماڭ، چۈنكى ئۇ — چوڭ گۇناھلارنىڭ مەنبەسى.

* * *

ئۆزىنىڭ نەپسىدىن رەزىلرەك دۈشمەن بار، دەپ ئويلىغان كىشىنىڭ نەپسىنى تونۇشى يۈزەكىيدۇر.

* * *

ئەگەر تىل گۇناھ سادىر قىلسا، ئۇنىڭ دەردىگە دىل يىغلايدۇ؛
ئەگەر دىل زەئىپلەشسە، ئۇنىڭغا پەرىشتىلەر يىغلايدۇ.

* * *

ھېرىس پادىشاھلارنى قۇللارغا ئايلاندۇرىدۇ؛
سەۋر قۇللارنى پادىشاھلارغا ئايلاندۇرىدۇ.

* * *

ئەقلىنى ئۆزىگە يولباشچى قىلىپ، نەپسىنى بويسۇندۇرغان كىشى نېمىدېگەن بەختلىك!
ئەكسىچە، نەپسىنى ئۆزىگە يولباشچى قىلىپ، ئەقلىنى ئەسىر قىلغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

* * *

ھارامدىن كېچىپ، ھالالغا يۈزلەنگەن كىشىنىڭ ئىددىيىسى ساپ بولىدۇ.

* * *

پازىل كىشىگە ھەممە يەردە ئىززەت — ئىكرام كۆرستىلىدۇ، ئۇ ھېچقاچان مۇساپىر سانالمايدۇ، جاھىل بولسا ئۆز يۇرتىغىمۇ سىغمايدۇ.

* * *

ھەرىكەتكە ئىنتىلىش ھاياتنىڭ ئىپادىسى؛
ئىلىمگە ئىنتىلىش مەرىپەتنىڭ ئىپادىسى.

* * *

سەۋەنلىكنى ئېتىراپ قىلغان كىشى ئەبەدىي ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ.

سەۋەنلىكنى تۈزەتكەن كىشى ئۇلۇغۋار ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولىدۇ.

* * *

نەپسىگە بېرىلىش — پەسكەشلىك.
نادانغا ئەگىشىش — بەختسىزلىك.

* * *

بىر شائىر شۇنداق دەپتۇ:
ئەي دۇنياغا كۆڭۈل بەرگەن زات
قۇرۇق ئارزۇ ئالدار ھەر مەھەل.
غاپىللىقتا يۈرەرسەن نەھات
ھەتتا ساڭا يەتسىمۇ ئەجەل.

ئۆلۈم كېلەر بىر كۈن ناگاھان،
نام — مەرتىۋە ئايرىماس قەبرە.
ھايات ئەسلىي ئەجەلگە تۇتاش،
كېرەك ئاڭا ئالەمچە سەبرە!

* * *

ئۈچ نەرسىگە يەنە ئۈچ نەرسە بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ:
بايلىقتا ئارزۇ بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ؛
ياشلىقتا گىرىم — پەرداز بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ؛
ساغلاملىقتا دورا — دەرمان بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

* * *

كىشىلەرگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىشكە ماھىر بولۇش — ئەقلىنىڭ يېرىمى؛
بىلمىگەننى سوراشقا ماھىر بولۇش — ئىلىمنىڭ يېرىمى؛
ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇش — تۇرمۇشنىڭ يېرىمى.

* * *

گۇناھلىرىنى يۇيغان كىشى پەرىشتىلەرنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولىدۇ.

* * *

ئاقىل كىشى تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك:
ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ھىممەت تېپىش؛
ياشاش ئۈچۈن نېمەت تەييارلاش؛
ھالاللىق بىلەن ھالاۋەت ئىزدەش.

* * *

تۈۋەندىكى ئۈچ ئىش ئادەمنى ۋەيران قىلىدۇ:
ھەددىدىن ئارتۇق بېخىل بولۇش؛
ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىش؛
ئۆزىگە تەمەننا قويۇش.

* * *

تۈۋەندىكى ئىككى ئىش ئادەمگە خىسلەت ئاتا قىلىدۇ:
ھەرقانداق ئادەمگە قىزغىن سالام بېرىش؛
بىچارە ـ مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىش.

* * *

بىر دانىشمەن مۇنداق دېگەن: تۈۋەندىكى ئىككى ئىش غەم ـ غۇسسىنى كەتكۈزىدۇ:
دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇش؛
دانىشمەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش.

20

ھەسەن بەسرىي مۇنداق دېگەن:
ئەدەپ ـ ئەخلاقى بولمىغان كىشىنىڭ ئىلمى بولمايدۇ.

* * *

نەپسانىيەتچىلىك قىلما، چۈنكى ئۇ قەلبى توقنىڭ ئىشى ئەمەس.
شەيتانغا دوست بولما، چۈنكى ئۇ ئادەملەرنىڭ دوستى ئەمەس.
باشقىلارغا مالاللىق يەتكۈزمە، چۈنكى ئۇ ياخشىلارنىڭ ئىشى ئەمەس.

* * *

ئېيتىلىشىچە، تۈۋەندىكى ئۈچ خىل كىشى بەختلىك ھېسابلىنىدىكەن:
قەلبى ئىلىمگە تەشنا كىشىلەر؛
سەۋرچان كىشىلەر؛
قانائەتچان كىشىلەر.

* * *

بىر دانىشمەن مۇنداق دېگەن، ئالدىنقىلار تۈۋەندىكى ئۈچ سەۋەب تۈپەيلىدىن ھالاكەتكە يۈز تۇتتى:
قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلغانلىقى سەۋەبلىك؛
ئاچكۆزلۈكى سەۋەبلىك؛
كۆپ ئۇخلىغانلىقى سەۋەبلىك.

* * *

بىر شائىر مۇنداق دەپ يازغان:

قاراڭ ئەنە، ئاي چىقىدۇ، كۈن پېتىپ،
ۋاقت ئەسلا مەيلىمىزگە باقمايدۇ.
غەپلەت بېسىپ ياتاركەنمىز بەندىلەر،
ئويناپ ـ كۈلۈپ، يا نەپسىمىز قانمايدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ راھىتىگە تايانماڭ،
ئۇيقىڭىزنى ئېچىڭ، ئەجەل كەلمەستىن.
بىلىڭ، باقىي ئەمەس ھايات ئادەمگە،
بەزمىلەرگە مەپتۇن بولۇپ يۈرمەستىن.

* * *

تۈۋەندىكى ئۈچ ئىش ئەڭ ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ:
كىشىلەرنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئۈندەش؛
كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن توسۇش؛
ئاددىي ـ ساددا كىيىنىش.

* * *

بىر دانىشمەن مۇنداق دېگەن:
ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان كىشى ئاسان ئادىشىپ قالىدۇ:
مېلى بىلەنلا قانائەتلىنىدىغان كىشىنى پالاكەت باسىدۇ؛
باشقىلارنى ئالدىغان كىشى خورلۇق ئازابىنى تارتىدۇ.

* * *

ھەقىقىي مۇھەببەت مۇنداق ئۈچ خىسلەتتە ئىپادىلىنىدۇ:
دوستىنىڭ سۆزىنى باشقىلارنىڭ سۆزىدىن ئۈستۈن ۋە ئەۋزەل كۆرۈشتە؛
دوستى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى باشقىلار بىلەن سۆھبەتلىشىشتىن ئەلا كۆرۈشتە؛
دوستىنى رازى قىلىشنى باشقىلارنى رازى قىلىشتىن ئەۋزەل كۆرۈشتە.

* * *

بىر ئاقىل مۇنداق دەيدۇ:
ئاچكۆز كىشى دۇنياغا پادىشاھ بولسىمۇ بەربىر بىچارىدۇر؛
قانائەتچان كىشى قۇل بولسىمۇ ھەممە ئادەم ئۇنى ھۆرمەت قىلىدۇ.

* * *

مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: ئۈچ نەرسىگە ئۈچ نەرسە بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ خالىس ئادەم بولىسەن:

www.uyghurkitap.com





كىبىرگە كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ؛
ئاچكۆزلۈككە قانائەت بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ؛
ھەسەتكە نەسىھەت بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ.

* * *

بەزى ھۆكۈمالار ئېيتىدۇكى، تۆت نەرسە چىرايلىقتۇر، ئەمما يەنە تۆت نەرسە ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەلرەكتۇر:

ئەرلەرنىڭ ھايالىق بولۇشى چىرايلىق، لېكىن ئاياللار ھايالىق بولسا، بۇنىڭدىنمۇ گۈزەلرەكتۇر.

ھەر بىر كىشىنىڭ ئادىل بولۇشى چىرايلىق، لېكىن خوجايىنلار ئادىل بولسا بۇنىڭدىنمۇ گۈزەلرەكتۇر.

ياشانغانلارنىڭ دىيانەتلىك بولۇشى چىرايلىق، بىراق ياشلارنىڭ دىيانەتلىك بولۇشى بۇنىڭدىنمۇ گۈزەلرەكتۇر.

بايلارنىڭ ساخاۋەتلىك بولۇشى چىرايلىق، ئەمما پېقىرلار ساخاۋەتلىك بولسا، بۇنىڭدىنمۇ گۈزەلرەكتۇر.

* * *

بەزى ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، تۆت نەرسە نومۇس، لېكىن يەنە تۆت نەرسە باركى، ئۇنىڭدىن نومۇسلۇقراقتۇر:

ياشلارنىڭ گۇناھ قىلىشى نومۇس، لېكىن ياشانغانلارنىڭ گۇناھ قىلىشى بۇنىڭدىنمۇ نومۇسلۇقراقتۇر.

جاھىللارنىڭ مال ـ دۇنياغا بېرىلىشى نومۇس، لېكىن ئالىملارنىڭ مال ـ دۇنياغا بېرىلىشى بۇنىڭدىنمۇ نومۇسلۇقراقتۇر.

ھەرقانداق ئىنساننىڭ ھورۇنلۇق قىلىشى نومۇس، لېكىن، ئۆلىما ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ھورۇنلۇق قىلىشى بۇنىڭدىنمۇ نومۇسلۇقراقتۇر.

بايلارنىڭ ئۆزگە تەمەننا قويۇشى نومۇس، ئەمما كەمبەغەللەرنىڭ ئۆزگە تەمەننا قويۇشى بۇنىڭدىنمۇ نومۇسلۇقراقتۇر.

* * *

ھاۋايى ـــ ھەۋەس ـــ گۇناھلارنىڭ دېڭىزىدۇر؛
ھېرىس ـــ شەھۋەتنىڭ دېڭىزىدۇر؛
ئۆلۈم ـــ ھاياتنىڭ دېڭىزىدۇر؛
قەبرە ـــ پۇشايماننىڭ دېڭىزىدۇر؛

* * *

جەننەتنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلسۇن؛
دوزاختىن قورقىدىغان كىشى شەھۋەتتىن ئۆزىنى تارتسۇن؛
ئۆلۈمنى چۈشەنگەن كىشى پاراغەتتىن ئۆزىنى تارتسۇن؛

* * *

تۆۋەندىكى تۆت ھال قەلبنى زۇلمەت قاپلىغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر:
ھالال ـ ھارامنى ئايرىماي غىزالىنىش؛
زالىملارغا يان بېسىش؛
گۇناھلىرىنى يوشۇرۇش؛
ئارتۇقچە ئارزۇلارغا بېرىلىش.

* * *

تۆۋەندىكى تۆت ھال قەلبنىڭ نۇرغا تولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر:
قورساقنى بەك تويغۇزۇۋېتىشتىن ھەزەر قىلىش؛
ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەم سۆھبەتتە بولۇش؛
گۇناھلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش؛
ئارتۇقچە ئارزۇلارغا بېرىلمەسلىك.

* * *

بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى تۆتتۇر:
گۇناھلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇش؛
ياخشىلىقلىرىنى كۆپرەك ئەسلەش؛
راھەت ـ پاراغەتتە ئۆزىنى ئۆزىدىن يۇقىرىلارغا سېلىشتۇرۇش؛
دىيانەتتە ئۆزىنى ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە سېلىشتۇرۇش.

* * *

بەختلىك بولۇشنىڭ ئالامىتى ھەم تۆتتۇر:
گۇناھلىرىنى ئېسىدە تۇتۇش؛
ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىش؛
دىيانەتتە ئۆزىنى ئۆزىدىن يۇقىرىلارغا سېلىشتۇرۇش؛
راھەت ـ پاراغەتتە ئۆزىنى ئۆزىدىن پېقىرراق كىشىلەرگە سېلىشتۇرۇش.

* * *

داۋانىڭ ئاساسى ـــ ئاز يېمەك؛
ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ئاساسى ـــ ئاز سۆزلىمەك.

* * *

غەزەپ ـــ ئەقىلنى يوقىتىدۇ؛
ھەسەت ـــ نىيەتنى يوقىتىدۇ؛
تەمە ـــ ھايانى يوقىتىدۇ؛

ھەيۋەت—ياخشى ئەمەللەرنى يوقىتىدۇ.

* * *

بىر بىلگىن مۇنداق دېگەن: بىر ئالىم بارلىق ھېك-مەتلەرنى جەملەپ، شۇنىڭدىن قىرىق مىڭنى تاللىۋاپتۇ. كېيىن يەنە ئۇنىڭدىن تۆت مىڭنى تاللىۋاپتۇ. يەنە تال-لاپ—تاللاپ قىرىق ھېكمەتنى قالدۇرۇپتۇ ۋە ئاخىر شۇنىڭ ئىچىدىن تۆۋەندىكى تۆت ھېكمەتنى تاللاپ چە-قىپتۇ:

ھەر قانداق ئەھۋالدا تۇتامسىز كىشىگە ئىشەنمەسلىك؛

ھەر قانداق ۋاقىتتا مال—دۇنياغا ئالدىنىپ قالماس-لىق؛

ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاشقازان ھەزىم قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئوزۇقلانماسلىق؛

پايدا بەرمەيدىغان ئىلىمنى ئۆگەنمەسلىك.

* * *

مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد شۇنداق دېگەن ئىكەن: ھەر قانداق ئەھۋالدا تۆۋەندىكى تۆت نەرسىنى يېڭىپ تۇرۇش كېرەك:

ھاۋايى—ھەۋەسنى يېڭىپ تۇرۇش؛

نەپسنى يېڭىپ تۇرۇش؛

تىلنى يېڭىپ تۇرۇش؛

غەزىپىنى يېڭىپ تۇرۇش.

* * *

بىر ئاقىل مۇنداق دېگەن:

بايلىقنى مال—دۇنيادىن ئىزدىدۇق، لېكىن ئۇنى قا-نائەتتىن تاپتۇق؛

لەززەتنى نېمەتتىن ئىزدىدۇق، لېكىن ئۇنى ساغلام بەدەندىن تاپتۇق.

* * *

تۆۋەندىكى تۆت نەرسىنىڭ ئازى كۆپىكە باراۋەردۇر:

ئاغرىق—سىلاق؛

كەمبەغەللىك؛

ئوت؛

دۈشمەنلىك.

* * *

ھاتەم ئەسام ئېيتىدۇكى، ئۈچ خىل كىشى ئۈچ نەر-سىنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ:

ياشانغانلار ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ.

بالا—قازاغا ئۇچرىغانلار تىنچلىقنىڭ قەدرىنى بىلە-دۇ.

كېسەللەر سالامەتلىكنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ.

* * *

بەزى ھۆكۈمالار ئېيتىپتۇرلەركى:

نەپسىگە بېرىلگەن كىشى ئەيشى—ئىشرەتتىن نېرى بولالمايدۇ.

مال—دۇنياغا بېرىلگەن كىشى ھارامدىن نېرى بو-لالمايدۇ.

ئۆلۈك ھالدا ئىلىم ئىزدىگەن كىشى ئىلىمسىزلىكتىن نېرى بولالمايدۇ.

* * *

تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلىش خىسلەتنىڭ بەلگىسى-دۇر:

غەزەپ كەلگەندە يۇتۇۋېتىش؛

ئېغىر كۈنلەردىمۇ باشقىلارغا ياردەم قىلىش؛

ئۆزى يالغۇز قالغاندىمۇ پاك بولۇش؛

ھەق سۆزنى ئېيتىش.

* * *

بەزى ھۆكۈمالار ئېيتىدۇكى، تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلىش ئادەم ئۈچۈن زۆرۈر:

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش؛

پرىنسىپتىن چەتنىمەسلىك؛

يوقاتقان نەرسىسىگە قايغۇرماسلىق؛

بار نەرسىلىرى بىلەن مەغرۇرلانماسلىق.

* * *

ئەگەر تۆۋەندىكى بەش ئىللەت بولمىغىنىدا بارچە ئادەملەر ياخشى بولغان بولاتتى:

نادانلىققا قانائەت قىلىش؛

دۇنياغا ئاچكۆزلۈك قىلىش؛

ئارتۇق نەرسىگە بېخىللىق قىلىش؛

ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىش؛

ئۆزىنى قالتىس چاغلاش.

* * *

بىر كىتابقا تۆۋەندىكى بەش كەلىمە سۆز يېزىلغان:

بايلىق—قانائەتتە؛

تىنچلىق—مۇھەببەتتە؛

ھۆرمەت—ھېرىستىن كېچىشتە؛

ئېرىشىش—كۈتۈشتە؛

سەۋر—كېچىشتە.

* * *

تۆۋەندىكى بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن بۇرۇن

غەنىيمەت بىل:

ياشلىقىڭنى ــ قېرىلىقتىن بۇرۇن؛
سالامەتلىكىڭنى ــ كېسەللىكتىن بۇرۇن؛
بايلىقىڭنى ــ كەمبەغەللىكتىن بۇرۇن؛
تىرىكلىكىڭنى ــ ئۆلۈمدىن بۇرۇن؛
بىكارچىلىقىڭنى ــ ئىشتىن بۇرۇن.

* * *

كىمنىڭ تولۇقى كۆپەيسە، ئېغىرلىقى كۆپىيىدۇ؛
كىمنىڭ ئېغىرلىقى كۆپەيسە، نەپسى كۆپىيىدۇ؛
كىمنىڭ نەپسى كۆپەيسە، گۇناھلىرى كۆپىيىدۇ؛
كىمنىڭ گۇناھى كۆپەيسە، قەلبى قارىيىدۇ.

* * *

بىر ئاقىل مۇنداق دېگەن، مال ــ دۇنياغا ئارتۇقچە بېرىلگەنلەردە مۇنداق تۆت ئىللەتلەر باردۇر:

كۆپ نەرسىنى ئارزۇ قىلىش؛
زىيادە ئاچكۆزلۈك؛
قاتتىق بېخىللىق.

* * *

بىر بىلگىن مۇنداق دېگەن: تۆۋەندىكى ئىشلارغا ئالدىراش توغرىدۇر:

مېھمان كەلگەندە داستىخان سېلىشقا ئالدىراش؛
قىز ۋايىغا يەتكەندە ياتلىق قىلىشقا ئالدىراش؛
قەرزنى قايتۇرۇشقا ئالدىراش؛
گۇناھ سادىر قىلغاندا توۋا قىلىشقا ئالدىراش.

* * *

ئادەم تۆۋەندىكى سەۋەبتىن بەختلىك بولدى:

گۇناھلىرىغا ئىقرار بولغانلىقى ئۈچۈن؛
نەپسىنى تىزگىنلىگەنلىكى ئۈچۈن؛
توۋا قىلىشقا ئالدىرىغانلىقى ئۈچۈن؛
مېھىر ــ شەپقەتتىن ئۈمىدۋار بولغانلىقى ئۈچۈن.

* * *

بەزى تەقۋادارلار ئۆز مۇناجاتلىرىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن:

چەكسىز ئارزۇ ئالدىدى مېنى،
ھالاك قىلدى قانماس ھەۋىسىم.
ئاداشتۇردى ھەق يولدىن شەيتان،
يامان يولغا ئۈندىدى نەپسىم.

* * *

يەھيا ئىبنى مۇئاز مۇنداق دېگەن:

ئىلىم ــ ئىشلىتىشنىڭ ئىسپاتى؛
پاراسەت ــ ئىلىمنىڭ ماكانى؛
ئەقىل ــ ياخشىلىققا يېتەكلىگۈچى؛
ھاۋايى ــ ھەۋەس ــ گۇناھلارنىڭ مەنبەسى؛
مال ــ دۇنيا ــ تەكەببۇرلۇقنىڭ كىيىمى.

* * *

ئالتە خىسلەت بارلىق دۇنياغا باراۋەر:

لەززەتلىك يېمەك؛
ياخشى پەرزەنت؛
مۇناسىپ رەپىقە؛
تەۋرەنمەس ئىرادە؛
يېتۈك ئەقىل؛
ساغلام تەن.

* * *

بىر ئاقىل مۇنداق دەيدۇ:

ئالىملار بولمىغاندا ئىنسانلار يولباشچىسىز قالاتتى.

دۇنيانى بېزىگۈچىلەر بولمىغاندا دۇنيا خاراب بولاتتى.

شامال بولمىغاندا دۇنيانى بەدبۇي ھىد بېسىپ كېتەتتى.

* * *

بىر دانىشمەن شۇنداق دەپتۇ:

كىم ئۆزگىلەرگە تايىنىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزمىسە، تەمەدىن خالاس بولالمايدۇ.

ئۆز ئىشىنى دۇرۇس قىلمىغان كىشى ئىككى يۈزلىمىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ.

قەلبىنى پاك تۇتمىغان كىشى ھەسەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئىلمى ۋە ئىش ــ ھەرىكىتى ئىلغار كىشىگە نەزەر سالمىغان كىشى مەنمەنلىكتىن خالىي بولالمايدۇ.

* * *

بىر دانىشمەن قەلبىنىڭ خىرەلىشىشىگە تۆۋەندىكىلەر سەۋەب بولىدۇ، دېگەن:

ئىلىمگە ئەمەل قىلماي تەلىم ئېلىش؛
ئىلىمگە ئەمەل قىلىشتا خالىس بولماسلىق؛
رىزقىغا شۈكۈر قىلماي تائام يېيىش؛
قىسمىتىگە رازى بولماسلىق؛
ئۆلگەنلەردىن ئىبرەت ئالماسلىق.

* * *

بىر دانىشمەن ئېيتىدۇ:

ھەسەتخورنىڭ راھىتى بولمايدۇ؛
يالغانچىنىڭ مەردانىلىقى بولمايدۇ؛

بېخىلنىڭ ئادەمگەرچىلىكى بولمايدۇ؛
يامان خۇلۇقلۇق كىشى سائادەتمەن بولمايدۇ.

بىر شائىر شۇنداق دەپتۇ:
نىجاد ئىزدەر دائىم بەزىلەر،
لېكىن بىلمەس توغرا يول قايان.
كېمە قۇرۇق يەردە ئۈزەلمەس،
بۇندىن ئىبرەت ئالماس ھېچقاچان.

* * *

ئەھنەپ ئىبنى قەيستىن «ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نېمەت نېمە» دەپ سورىغاندا، ئۇ زات شۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن:
توغما ئەقىل، ئەگەر ئۇ بولمىسا ياخشى ئەدەپ؛
ئەگەر ئۇ بولمىسا مۇناسىپ دوست؛
ئەگەر ئۇمۇ بولمىسا مەنىسىز نەرسىدىن ئۆزىنى يىغىش.

* * *

ئۆمەر شۇنداق دېگەن:
كىمنىڭ كۈلكىسى كۆپەيسە، ھەيۋىتى ئازىيىدۇ.
كىم باشقىلارنى كەمسىتسە، ئۆزىمۇ كەمسىتىلىدۇ.
سۆزى كۆپەيگەن كىشىنىڭ خاتاسى كۆپىيىدۇ.
تەكەببۇرلۇقى كۆپەيگەن كىشىنىڭ ھاياسى كېمىيىدۇ.
ھاياسى كېمەيگەن كىشىنىڭ خىسلىتى كېمىيىدۇ.
خىسلىتى كېمەيگەن كىشىنىڭ قەلبى ئۆلىدۇ.

* * *

بىر ئاقىل شۇنداق دېگەن:
مال ـ دۇنيانىڭ ھامان يوق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرگەن كىشىگە ھەيرانمەن.
ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۆتكەن ئىشلار توغرۇلۇق غەمگە پاتىدىغان كىشىگە ھەيرانمەن.
دوزاخ ئازابىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ گۇناھ قىلغان كىشىگە ھەيرانمەن.

* * *

بىر دانىشمەن بىر كىشىنىڭ سوئالىغا شۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىكەن:
ئاسماندىن ئېغىرراق نەرسە نېمە؟
ـــ پاك كىشىلەرگە بوھتان قىلىش.
يەردىن كەڭرەك نەرسە نېمە؟
ـــ ھەقىقەت.
دېڭىزدىن بايراق نەرسە نېمە؟
ـــ قانائەتلىك كىشىنىڭ قەلبى.
تاشتىن قاتتىقراق نەرسە نېمە؟
ـــ مۇناپىقنىڭ قەلبى.
مۇزدىن سوغۇقراق نەرسە نېمە؟
ـــ پەس كىشىلەرگە موھتاج بولماق.
زەھەردىن ئاچچىقراق نەرسە نېمە؟
ـــ سەۋر ـ تاقەت.

* * *

دۇنيا ـــ ھويلىسى يوق ئادەم ئۈچۈن ھويلىدۇر.
دۇنيا ـــ مېلى يوق كىشى ئۈچۈن مالدۇر.
پاراسەتسىز كىشى دۇنيا ھەۋەسلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.
ئىلىمسىز كىشى دۇنيا ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ.
پىكرى يوق كىشى دۇنيا ئۈچۈن ھەسەت قىلىدۇ.
دۇنيا ھەققىدە بىلىمى يوق كىشى دۇنيا ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.

* * *

يەتتە نەرسە يەتتە نەرسىگە تويمايدۇ:
كۆز ـــ قاراشقا تويمايدۇ؛
يەر ـــ يامغۇرغا تويمايدۇ؛
ئايال ـــ ئەرگە تويمايدۇ؛
ئالىم ـــ ئىلىمگە تويمايدۇ؛
ئاچكۆز ـــ مالغا تويمايدۇ؛
دېڭىز ـــ سۇغا تويمايدۇ؛
ئوت ـــ ئوتۇنغا تويمايدۇ.

* * *

كىم ئارتۇقچە سوزلىمىسە ئۇنىڭغا ھېكمەت بېرىلىدۇ.
كىم ئارتۇقچە يېمىسە، ئۇنىڭغا لەززەت بېرىلىدۇ.
كىم ئارتۇقچە كۈلمىسە، ئۇنىڭغا سالاپەت بېرىلىدۇ.
كىم مازاخنى تاشلىسا، ئۇنىڭغا مەرتىۋە بېرىلىدۇ.
كىم باشقىلارنى ئەيىبلەشنى تاشلىسا، ئۇنىڭغا ئۆز ئەيىبىنى تۈزىتىش پۇرسىتى بېرىلىدۇ.

* * *

دانىشمەننىڭ ئالامىتى تۆت نەرسىدە ئىپادىلىنىدۇ:
دىلى ئۈمىد بىلەن بولىدۇ؛
تىلى رەھمەت بىلەن بولىدۇ؛
سۆزى ئىخلاس بىلەن بولىدۇ؛

نەزەرى ھايا بىلەن بولىدۇ.

* * *

تۆۋەندىكى خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان ئادەم بارلىق بالا ـ قازالاردىن خالىي بولىدۇ:

ھەر ۋاقىت راستچىل، قانائەتلىك بولۇش؛

ھەر ۋاقىت سەۋرچان بولۇش؛

ھەر ۋاقىت ئاددىي ـ سادىدا، ھەر خىل ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن خالىي بولۇش؛

ھەر ۋاقىت تەپەككۇر قىلىش؛

ھەر ۋاقىت ئېغىر ـ بېسىق بولۇش؛

ھەر ۋاقىت تىرىششىنى قولدىن بەرمەسلىك؛

ھەر ۋاقىت دوستلۇقنى قولدىن بەرمەسلىك، رەھىم ـ شەپقەتنى ئۇنتۇماسلىق.

ھەر ۋاقىت مۇھەببەتلىك، ھايالىق بولۇش؛

ھەر ۋاقىت ئىلىم ئۆگىنىشنى قولدىن بەرمەسلىك، كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇش؛

ھەر ۋاقىت مۇستەھكەم ئەقىلنى قولدىن بەرمەسلىك.

* * *

ئىلىمسىز پەزىلەتنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ.

ئىمكانىيەتسىز ئۆتۈقنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ.

ئەخلاقسىز شۆھرەتنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ.

ئامانلىقسىز خۇشاللىقنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ.

كەمتەرلىكسىز ئابرۇينى مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ.

* * *

ئىلىم ـــ مىراسنىڭ ياخشىسى؛

ئەدەپ ـــ كەسىپنىڭ ياخشىسى؛

قانائەت ـــ بايلىقنىڭ ياخشىسى.

* * *

بەزى دانىشمەنلەر مۇنداق دەپتۇ، ئاقىل تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلىشى لازىم:

گۇناھتىن پارىغ بولۇشى لازىم؛

قايتا گۇناھ سادىر قىلماسلىقتا نىيەت قىلىشى لازىم؛

قورۇق گەپنى ئاز قىلىشى لازىم؛

يېمەكنى ئىسراپ قىلماسلىقى لازىم؛

ئۇيقۇنى ئاز ئۇخلىشى لازىم.

* * *

مال ـ دۇنيا ھېرىسىدىن قۇتۇلۇش ئازادلىقتۇر، ئۇنىڭ غېمىنى يېيىش قۇللۇقتۇر؛

قەلب باي بولسا ماددىي كەمبەغەللىك ھېچ گەپ ئەمەس، چۈنكى قەلب كەمبەغەل بولسا ماددىي بايلىق ھېچنىمىگە يارىمايدۇ.

قەلب بايلىقى سېخىيلىق بىلەن زىيادە بولىدۇ؛

قەلب كەمبەغەللىكى كەمبەغەللىكنى زىيادە قىلىدۇ؛

نۇرغۇن يامانلىقتىن قۇتۇلۇش، ئازغىنا ياخشىلىقتا ئېرىشكەندىن ياخشىراق.

* * *

بەزى دانىشمەنلەر شۇنداق دېگەن:

ھەرتۈنى تەكەببۇرلۇقتىن ئىزدىدىم، لېكىن ئۇنى كەمتەرلىكتىن تاپتىم.

راھەتنى ھېرىستىن ئىزدىدىم، لېكىن ئۇنى قانائەتتىن تاپتىم.

دوزاخ ئوتىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ھالال نېمەتلەردىن ئىزدىدىم، لېكىن ئۇنى ھېرىستىن ۋاز كېچىشتىن تاپتىم.

تەييارلىغۇچى: ئەزىزى

(ئاپتور: «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

**ئاپتورلار سەمىگە:**

ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم ـ فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش مەسىلىسى توغرىسىدا

بەختىيار ئوسمان



مەلۇمكى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش مەسىلىسى دۇنيا مىقياسىدا، جۇملىدىن مەملىكىتىمىزدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەك تەكىتلىنىدىغان مۇھىم ئىشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. قانداق قىلغاندا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش بىلەن ساياھەتچىلىك كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىدا كۆرۈلۈۋاتقان قىسمەن مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىلەر بويىچە شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا تەكشۈرۈشتە بولدۇق. تۆۋەندە مۇشۇ مەسىلىلەرگە قارىتا قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

ئالدى بىلەن بۇ مەسىلىلەرگە كونكرېت قاراش كېرەك. مېنىڭچە، ئۈچ ئاساسىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن:

بىرىنچىسى: ئەنئەنە دېگەن نېمە؟

ئىككىنچىسى: ئەنئەنىنى قانداق قوغداش كېرەك؟

ئۈچىنچىسى: ساياھەتچىلىكنىڭ ئەھمىيىتى نېمىدىن ئىبارەت؟

ئەنئەنىنى قوغداش ئۈچۈن ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكمۇ ياكى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەنئەنىنى قوغداش كېرەكمۇ؟ ۋە ياكى بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولامدۇ؟

ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچ مەسىلىنىڭ جاۋابى بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق. مەسىلەن، ناۋادا بىز ئەنئەنىنى بىر خىل «بايلىق» دەپ قارىساق (ئەلۋەتتە بۇ قاراشنى يەرلىك ھۆكۈمەت تەرەپ ئەنئەنىنى بىر خىل بايلىق دەپ قاراشقا مايىللىراق)، ئۇنداقتا بىز بايلىقلارنى قوغداشتا، بايلىقتىن چەكلىك پايدىلىنىش، ئېچىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۇنى قوغدايمىز. يەنى بايلىقلاردىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا، ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىككە ئەھمىيەت بېرىمىز. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بايلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشىغا ئەھمىيەت بېرىمىز. يەنى ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ساياھەتچىلىككە مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنى بىرگە راۋاجلاندۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش دېگەنلىك.

تەبىئىي ناتۇرال بايلىقلاردىن ئادەم كۈچى بايلىقلىرىغىچە ھەممىسىنى «بايلىق» دەپ ئاتاش ھازىرقى زاماندا ئادەتكە ئايلاندى. بۇنداق قاراشنى پۈتۈنلەي خاتا دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

بايلىقنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىچكى قىممەتكە ئىگە ئەمەس، پەقەت بايلىق بىرەر مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ئىشلىتىش قىممىتى جارى قىلدۇرۇلىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ئەنئەنىدىمۇ ئىچكى قىممەت مەۋجۇت، يەنى ئۈنۈم يارىتالمىغان ھالەتتىمۇ ئەنئەنىنى قوغداش زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ.

www.uyghurkitap.com






ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىنى مىراس دەپ چۈشەنسەك، مىراسنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق مىراسلىرى ئەجدادلار مىراسلىرىغا ھۆرمەت قىلىش، ئاسراش، قەدىرلەشكە تېگىشلىك. شۇڭا ئەنئەنىنى قوغداشنىڭ يوللىرىدىن بىرى — ئەنئەنىنى قەدىرلەش، ئۇنى بۇزماسلىققا كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر. ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى بىلەن ئەنئەنىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇشقا، تېخىمۇ كۆپ تەشۋىق قىلىشقا، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ساياھەتتىن كىرگەن كىرىم بىلەن ئەنئەنىنى قوغداشقا كەتكەن چىقىمنى تولدۇرغىلى، تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ. ئىچكىرىنىڭ بەزى جايلىرىدا ئەنئەنىنى قوغداشتا مۇزېيلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۈنۈمگە ئېرىشكەن ئورۇنلارمۇ بار. ئۇلار ھەرقايسى ساياھەت نۇقتىلىرىدا مۇزېيلارنى قۇرغان. قىممىتى بولغان ھەرخىل ئاسار ئەتىقىلەرنى ۋە خەلق مىراسلىرىنى مۇزېيدا كىشىلەرگە كۆرسىتىش يولى بىلەن قوش ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. يۇقىرىقى قاراشلاردا بىر ئورتاق نۇقسان بار: يەنى ئۇلار ئەنئەنىۋى نەرسىلەرنى كونا نەرسىلەردىنلا ئىبارەت، ھەر تۈرلۈك ئاسارئەتىقىلەر ياكى تارىخىي ئىزنالار دەپ چۈشەنگەن. يەنى ئەنئەنىنى ئۆتمۈشتىكى نەرسىلەر، كونا نەرسىلەر دەپ چۈشەنگەن. ئەمەلىيەتتە ئەنئەنە مەلۇم نەرسە ئەمەس، ئۆتمۈشتىن تارقىلىپ كەلگەن نەرسىمۇ ئەمەس، ئەنئەنىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى ئۇنىڭ «تارقىلىشى»دا. ئەنئەنە ئۆتمۈشمۇ ئەمەس، بۈگۈنمۇ ئەمەس، ئەكسىچە دەل ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى باغلايدىغان رىشتە. «ئەنئەنىۋى» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغىنىمىزدا ئۇ ئادەتتە يىراق ئۆتمۈشكە باغلانغان بولىدۇ. ئۇ، ئۆتمۈشنى بۈگۈنگە باغلىغان بولىدۇ. بىراق بۈگۈن بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈۋېتىلگەن شەيئىلەر قانچە قەدىمىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «ئەنئەنىۋى» دېگەن قالپاقنى كىيەلمەيدۇ. ئەگەر بىر نەرسىنى ياخشى ئاسراپ ۋە قوغداشتا، ئۇ نەرسىلەرنى ماكان، زاماننىڭ تەسىرىگە ئۇچراتماي ساقلىغاندا خۇددى يىغىپ ساقلاش بۇيۇملىرىدەك مەيلى بىز نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا ياكى نەچچە ئون يىلدىن كېيىن، مەيلى بىز ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك مۇزېيدا ياكى ئۇلۇغ بىرىتانىيە مۇزېيدا كۆرسەكمۇ ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ دەۋردىن ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنى ئۇ ھازىر بىلەن ئادا – جۇدا بولغان بولىدۇ. ئۇ مەڭگۈ بىر ئاسارئەتىقە بولۇپ قالىدۇ، خالاس، ئۇنىڭدىكى ئەنئەنىدە ئۈزۈك ھاسىل بولىدۇ.

ھەر بىر دەۋر ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، «زامانىۋى دەۋر» ھېسابلىنىدۇ. بىراق بىزنىڭ دەۋردىمىزلا ئۆزىنى «زامانىۋى» دەپ شەرھلەشنى ئادەت قىلىۋالغان. بۇ يەردە گەۋدىلىنىۋاتقان مەسىلە دەل ئەنئەنىدىكى ئۈزۈكچىلىك بولسۇن، مەيلى ئۆتمۈشنى «ئىنكار قىلىدىغانلار» بولۇپ ياكى ئۆتمۈشنى «قوغدايدىغانلار» بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىر بىلەن ئۆتمۈشنى ئايرىۋېتىشكە تىرىشىدۇ. ئەمما ئەنئەنە بىلەن ئۆزۈل – كېسىل ئايرىلىپ قويۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. چۈنكى، مەدەنىيەت پەيدا بولغان ئىكەن، ئەنئەنىمۇ پەيدا بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى، ئۆرپ – ئادەتلىرى، تىلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە خەلق ئەنئەنىلىرى سىڭىپ كەتكەن، ئەنئەنىنىڭ تامغىسى بېسىلغان





بولىدۇ. كۆپ ساندىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە مەيلى ئۆتمۈشتە پەيدا بولغانلىرى بولسۇن ياكى يېقىنقى، ھازىرقى زامانلاردا پەيدا بولغانلىرىدا بولسۇن، ھەممىسىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە ھەرقايسى دەۋرلەر بىلەن ئەنئەنە جەھەتتە باغلىنىشى بولىدۇ. ھەرقايسى دەۋرلەردە پەيدا بولغان ئەنئەنىلەر ھەرگىز قۇرۇقتىن قۇرۇق پەيدا بولمايدۇ. يەنى يېڭى پەيدا بولغان يوسۇن، مۇراسىم ياكى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئۆز دەۋرى بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشى بولىدۇ. مەلۇم ئېھتىياج تۈپەيلى پەيدا بولىدۇ، شەكىللىنىدۇ. بەزى «ئىسلاھاتچى»لار ئەنئەنىدىن چەتنەپ «يېڭى مەدەنىيەت» پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنسىمۇ، بىراق ئاقىۋەتتە مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، خالاس. بەزىلەر ھەتتا مەقسەتلىرىگە يېتەلمەسلىكنى كونا ئەنئەنىلەرنىڭ توسالغۇسىغا دۆڭگەيدۇ. كونا ئەنئەنىلەردىن ئاغرىنىدۇ. بىراق مەسىلىنىڭ نېگىزى شۇكى، ئەنئەنىدىن چەتنەپ يېڭىچە بىر ئىش تۇتمەن، دېيىشنىڭ ئۆزىلا سېپى ئۆزىدىن ئەخمىقانىلىكتۇر. ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن ئىلىم پەن ئىنقىلابىي دەۋرىگە قەدەر قايسىبىر ئۇلۇغ ئۆزگەرىشلەر ئەنئەنىدىكى قايتا بايقاشتىن كەلمەگەن. ئەنئەنە كونىلىققا ئېسىلىۋېلىش ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. ھېچقانداق ئۆزگەرمەس تۇرغۇن ھالەتتىكى نەرسىنىڭ ئۆزى ئەنئەنە بولالمايدۇ ياكى ئەنئەنە ئەمەس. پەقەت توختاۋسىز ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا دەۋر بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزمىگەن، دەۋر بىلەن باغلانغان شەيئى ھادىسىلەرلا ئاندىن ئەنئەنىنىڭ داۋامى بولالايدۇ. ئەنئەنە ئىلگىرىلەشكە، ئالغا بېسىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا قىسمەن توسقۇنلۇقلارنى پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن. بىراق، ئەنئەنە خۇددى يەر يۈزىدىكى قارشىلىق كۈچىگە ئوخشاش، ئۇ ھەم مېڭىشنى توسقۇنلۇققا ئۇچراتسا، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھەرىكەت كۈچى پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر مانا مۇشۇنداق ھەرىكەت كۈچى بولمايدىكەن، ئۇنداقتا بىزنىڭ بىر قەدەم ئېلىشىمىزمۇ تەسكە توختايدۇ ياكى بولمىسا بىر قەدەم ئېلىشىمىز بىلەن تەڭ تېيىلىپ تىك موللاق چۈشۈشىمىز مۇمكىن.

بىز ئەنئەنىنىڭ توسالغۇسىدىن مۇستەسنا بولالمايمىز. شۇڭا مەسىلىنىڭ نېگىزى ئەنئەنىنى قوغداش بولماستىن، بىزنىڭ ئەنئەنە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە توغرا قارىشىمىزدا، توغرا چۈشىنىشىمىزدە.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)




**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2006 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. يەككە باھاسى 35 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

تېلېفون: 13999801409، 4554017 (0991)

www.uyghurkitap.com

# تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەپنە، نەزىر - چىراغ ئادەتلىرى ھەققىدە

ئەنۋەر تۇرسۇن
ئاينۇرە دولات



ئۆرپ - ئادەت — ئېتىقادنى يادرو قىلغان پىسخىك ئامىل. ئۇ دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ نېگىزىنى سالغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان مەشھۇر پەيلاسوپ ۋىكو ئۆزىنىڭ 1725 - يىلى ئېلان قىلغان دەۋر بۆلگۈچ مۇھىم ئەسىرى «يېڭى پەن»دە بارلىق مىللەتلەردە، مەيلى ئۇ ياۋايى ياكى مەدەنىيەتلىك بولسۇن ئۈچ تۈرلۈك «ئەبەدىيلىك ئومۇملاشقان ئۆرپ - ئادەت» مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ ھەممىسىدە مەلۇم بىر خىل دىن بار. «ھەممىسى ئوخشاشلا تەنتەنىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ھەممىسى بىردەك ئۆلگەن كىشىنى دەپنە قىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە، دۇنيادا ئۆرپ - ئادەتسىز مىللەت يوق، ھەممىمىز ئۆزىمىز تەۋە مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەت تۈرى ئىچىدە ياشايمىز. بىزنىڭ پائالىيىتىمىز باشتىن - ئاخىر مۇئەييەن ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە چەكلىمىسى ئىچىدە بولىدۇ. مەلۇم بىر مىللەت ياكى ئىجتىمائىي كوللېكتىپقا نىسبەتەن ئۆزلىرى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئىجرا قىلىۋاتقان خاس ئۆرپ - ئادەتلىرى گويا ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىدەك، تەبىئىي شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ دىققەت قىلغاندا، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ھەرگىزمۇ تۇغما، تەبىئىي ۋە ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ باللىق دەۋرىدىن شەكىللىنىشكە باشلاپ تەدرىجىي پىشىپ يېتىلگەن ئىجتىمائىي ھادىسىدىن ئىبارەت.

ئۆرپ - ئادەت ئاساسلىرى ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ ئېنىق تارىخىيلىققا ئىگە. شۇڭا ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بەلگىلىك دەرىجىدىكى دىنىي ئەقىدە ۋە خۇراپاتلىقتىن خالىي بولالمايدۇ.

ئۆرپ - ئادەت ئالدى بىلەن روشەن مىللىيلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇ ئومۇمىيلىققا ئىگە بولىدۇ.

تۆۋەندە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەپنە ۋە نەزىر - چىراغ ئادەتلىرى ھەققىدە توختالماقچى.

ئۆلۈم — ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى، يەنى ياشاش باسقۇچىنىڭ تاماملانغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەر ئۆلۈمنى ھاياتتىكى ئەڭ زور يوقىتىش، ئەڭ قايغۇ - ھەسرەتلىك ۋەقە سۈپىتىدە

قاراپ، ئاخىرقى قېتىم ئۆلگۈچىنىڭ كىشىلىك ئىززەت ـ ئابرۇيىنى چىقىش قىلىپ، كىشىلەر بىلەن مەڭگۈلۈك جۇدالاشقانلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۆلگۈچى بىلەن ۋىدالىشىشنى ئادەت قىلغان. بۇ، ھەممە مىللەتكە ئورتاق بولغان ئۆرپ ـ ئادەت ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا دەپنە مۇراسىمى خەلق ئىچىدە «ئۇزىتىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردىمۇ بەزى مىللەتلەرگە ئوخشاش «ئادەم ئۆلسىمۇ روھى ئۆلمەيدۇ، ئادەم ئۆلگەندە ئۇنىڭ روھى تېنىدىن ئاجراپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ» دېگەندەك قاراشلار مەۋجۇت.

دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بولسا، ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئېسىل ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۈرگەندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھونلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ چاغلاردا ھون، تۈرك، ئۇيغۇرلاردا كىشى ئۆلسە، كىشىلەر چېكىسىنى تىلىپ قان چىقىرىپ نالە ـ پەرياد چېكىپ يىغلاش ئادىتى بار ئىدى.

مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ھازا ئېچىش ئادەتلىرىدىن بىرى ئىدى.

دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدە ئۇيغۇرلار ئۆلۈكنى يەرلىككە قويغاندا مېيىت بىلەن بىرگە نۇرغۇن ئاخىرەتلىك نەرسىلەرنى بىللە كۆمەتتى. ئەڭ دەسلەپتە ئات، ئوقيا قاتارلىق نەرسىلەر، ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن نەرسىلىرى بىرگە كۆمۈلگەن. بۇ خىل ئەھۋال تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدىمۇ داۋاملاشقانىدى.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدىمۇ دەسلەپ دەپنە قىلىشتا، مېيىت بىلەن بىرگە ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ دانلىرى، ھەر خىل قۇرۇق مېۋىلەر، يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلمىلار، لايدىن ياسالغان قونچاقلار، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، رەسىملەر، يازما ھۆججەتلەر... ئاخىرەتلىك ھېسابىدا كۆمۈلگەن.

قاراقوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆلۈكلەرنى دەپنە قىلىش ھەر خىل ئۇسۇللاردا بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى ھەرخىل دىنلارغا باغلىق ئىدى. بۇددا دىنىدىكىلەر ۋاپات بولسا ئۆلۈكلەر كۆيدۈرۈلەتتى. ئايرىم ئەھۋاللاردا ئۇكەككە سېلىپ دەپنە قىلىش ئىشلىرىمۇ بولغان (ئاساسلىقى مانى دىنىدىكىلەر).

قەبرىلەر كۆپىنچە يەر ئاستىغا لەخمە كولاپ كىچىك ھۇجرا ياساش ئۇسۇلى بىلەن تەييارلىناتتى. مەشھۇر دىنىي ئۆلىمالارغا ئاتاپ مۇنارلار ياسىلاتتى. ئادەتتە يەنە تىك گۆر كولاپ ئۆلۈكلەرنى ئىلگىرى ـ كېيىن قاتمۇقات دەپنە قىلىش (ئالدىنقى جەسەت قويۇلغان ئويۇقچىدىن ئازراق ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىگە ياكى ئاستىنقى تەرىپىگە يەنە بىر جەسەتنى قويۇش) ئۇسۇللىرىمۇ بولغان. بۇنداق قەبرىلەر كۆپىنچە بىر جەمەت كىشىلىرىگە ئاتاپ قېزىلغان قەبرىلەردۇر.

ئېلىمىزنىڭ مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلىرىدىن بىرى بولغان «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» قاتارلىق خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە مۇسىبەت بولغاندا ھازىدارلارنىڭ چېكىسىنى پىچاقتا جىراپ قان ئاققۇزۇپ، مېيىت ياتقۇزۇلغان چېدىرنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ يىغا ـ زار قىلىدىغانلىقى، ئات، كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ ياغىش قىلىدىغانلىقلىرى ۋە مېيىتنى يەرلىك (گۆر) كولاپ كىيىمى بىلەن يەرگە كۆمىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى مىللىي ئادىتى بولۇپ، بۇ خىل ئادەت ئەينى دەۋرلەردىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغىمۇ خاس.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدا، مەيلى قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بولسۇن، ئومۇمەن ھەممىسىنىڭ بىر يۈرۈش دىنىي قائىدە ـ يوسۇن بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان دەپنە ئادەتلىرى بولغان ۋە بۇ ئادەتلىرىگە ئېتىبار بىلەن قارىغان.

ئەجدادلىرىمىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن مېيىتنى بىر تەرەپ قىلىش، دەپنە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلامىيەت يوسۇنلىرىمۇ تەدرىجىي مىللىي ئادەت تۈسىنى ئالغان. جۈملىدىن، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدىمۇ ئىسلامىيەتكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ دەپنە مۇراسىمى ۋە نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىدا تۆۋەندىكىدەك رەسمىيەتلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى.

ھازىر تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم دەپنە قىلىش رەسمىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولۇپ، ئاساسلىقى مېيىتنى ئۇزۇن قوندۇرماي دەپنە

قىلىش تەشەببۇس قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

ۋاپات بولغۇچى جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرى كېلىپ رازىلىق ئېلىشىدۇ. باللىرى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ۋەسىيەت ئاڭلايدۇ. جان ئۈزگەندىن كېيىن جەسەتنىڭ بېشىنى شىمالغا، پۇتىنى جەنۇبقا، يۈزىنى غەربكە قارىتىپ تاختا ئۈستىگە ئېلىپ قويىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال جەسەتنى يۇيۇپ ئاندىن ئاق كېپەنگە ئورايدۇ ھەمدە جەسەتنىڭ پېشانىسىگە «بىسمىللاھىرراھمانىرەھىم»نى يېزىپ قويىدۇ. جەسەتنى يۇيۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىمام ئۆگزىگە چىقىپ تۆڭلۈكتە ياكى جەسەتنىڭ ئەتراپىدىن مۇۋاپىق جاينى تاللاپ قۇرئان ئوقۇيدۇ.

ئەگەر ۋاپات بولغۇچى ئايال بولسا يۇيۇش ۋاقتىدا چۈمۈشنىڭ ساپىقىغا بىر دانە ئۈزۈك ياكى تەسۋىينى ئېسىپ قويىدۇ. جەسەتنى ئورايدىغان كېپەنلىك سول تەرەپتىن ئوڭ تەرەپكە ئورىلىدۇ. ئەرلەرنى ئورايدىغان كېپەنلىك ئۈچ پارچىگە بۆلۈنۈپ، بىر پارچىسىنى تامبال، بىر پارچىسىنى كۆڭلەك، يەنە بىر پارچىسىنى لىپات دەپ ئاتايدۇ. ئاياللارنىڭ بەش پارچە بولۇپ ئۈچ پارچىسى ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولغاندىن تاشقىرى يەنە بېشىنى ۋە كۆكسىنى ئورايدۇ. جەسەتنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن «ئىسقات» تارقىتىدۇ. مېيىت نامىزىدا ئەزان ئوقۇلمايدۇ. بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ مېيىت ئۈزاتقۇچىلاردىن «سىلەر ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى روزا، ناماز، قازالىرىنى كۆتۈرۈپ ئالالامسىلەر» دەپ سورايدۇ. كۆپچىلىك، كۆتۈرۈپ ئالدۇق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. يەرلىككە قويۇشتىن ئىلگىرى جەسەتنى تاۋۇتقا قويۇپ، ئەر بولسا ئاق يوپۇق، ئايال بولسا قىزىل ياكى گۈللۈك يوپۇق يېپىپ قەبرىستانلىققىچە كۆتۈرۈپ ئېلىپ بارىدۇ. قەبرىستانلىقتا قۇرئان ئوقۇلىدۇ. ئاندىن مېيىتنى تۆت كىشى كۆتۈرۈپ يەرلىككە قويىدۇ. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدا ئاساسەن ۋاپات بولغۇچىنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يەرلىككە قويۇشقا ئادەتلەنگەن.

يەرلىك (گۆر)نىڭ چوڭقۇرلىقى ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر بولىدۇ. جەسەتنى گۆرگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن بېشىنى شىمالغا، پۇتىنى جەنۇبقا، يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ قويىدۇ. بۇ چاغدا ئاخۇنلار قۇرئان ئوقۇيدۇ. دەپنىگە قاتناشقانلار (بارلىق كىشىلەر) ھەر بىرسى بىر سىقىمدىن توپا ئېلىپ «دەم سالدۇ». بۇ، ئادەتتە «ئىخلاس توپىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

قارىيلار قۇرئاننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كېسەكنى بىر كىشى يېغىپ گۆر ئىچىگە قويۇپ قويىدۇ. ئارقىدىنلا گۆرنىڭ ئاغزىنى كېسەك بىلەن ئېتىپ مېيىتنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرىدىن بىرى يەتتە كەتمەن توپا تاشلايدۇ. ئاندىن بىر كىشى تۆشۈكنىڭ ئاغزىدا تۇرۇپ ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ «شاھادەت» ئۆگىتىدۇ. قارى قۇرئان ئوقۇيدۇ. كۆپچىلىك دۇئا قىلىپ ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئاخىرەت ئىشلىرىنىڭ ئاسان بولۇشىنى تىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، گۆرنى تىندۇرۇپ ئۈستىگە بەلگە قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەپنە قىلىش ئاياغلاشقان بولىدۇ. قەبرىستانلىقتىن قايتىشتىن ئىلگىرى بىر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆپچىلىكتىن «ۋاپات بولغۇچى قانداق ئادەم ئىدى؟» دەپ سورايدۇ، كۆپچىلىك «ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ياخشى ئادەم ئىدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن قەبرىستانلىقتىن قايتىدۇ. بىر ئادەم يەتتە كۈنگىچە قەبرە بېشىدا قۇرئان ئوقۇيدۇ. دەپنە قىلىشتا ئاياللار قەبرىستانلىققا بارمايدۇ. پەقەت يىراقتا يىغلاپ قاراپ تۇرىدۇ ياكى ئۆيدە قالىدۇ. كەچلىكى ئاياللار تونەك قىلىپ تەلى ئوقۇيدۇ، زىكرى - سۆھبەت قىلىشىدۇ، قۇلۇم - قوشنىلار ئۈچ - تۆت كۈنگىچە ھەر خىل تائاملارنى ئېتىپ مېيىت چىققان ئۆيگە ئېلىپ كېلىشىدۇ. ئەگەر ۋاپات بولغۇچى ئائىلە باشلىقى ياكى ئائىلىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولسا ئائىلە تاۋابىئاتلار 40 كۈن ئىچىدە چاچ تارىمايدۇ، چاچ چۈشۈرمەيدۇ، نۇرغۇن ئىشلاردىن پەرھىز تۇتىدۇ. ئەرلەر بېلىگە ئاق پوتا، ئاياللار بېشىغا ئاق ياغلىق تېڭىپ ۋاپات بولغۇچىغا ماتەم تۇتىدۇ.

ئادەم ئۆلۈپ يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن نەزىر - چىراغ قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئادەت ئەنئەنىسى بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ ئادەت تا ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. تارىختا تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىمۇ ئۆلگۈچىلەرگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش ئىشلىرى بولغان. خۇددى مانى دىنىدىكىلەر «مىر» (يەكشەنبە كۈنى) ئىبادەت قىلغىنىغا ئوخشاش، بۇددا دىنىدىكىلەرمۇ خاسىيەتلىك كۈنلەردە ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ، ئۆلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغىش، دۇئا - تىلاۋەت ياكى سەدىقە - ساخاۋەت قىلغىنىغا ئوخشاش.

ئۆلگۈچى ئۈچۈن «ئۈچ نەزىرى»، «يەتتە نەزىرى»، «قىرقى نەزىرى»، «يىل نەزىرى» دەپ تۆت

قېتىم نەزىر بېرىلىدۇ (خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئادەم ئۆلگەندە داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئات، كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ نەزىر – چىراغ قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، تەپسىلاتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق). ئەمما تارىختا ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدە بولغان، ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىدە ياشاۋاتقان توۋالاردا ئۆلگۈچىنىڭ 20 نەزىرى، يۈز نەزىرى بېرىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش تۆت قېتىم نەزىر – چىراغ قىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، تۇرپان رايونىدا يۇقىرىقى نەزىرلەرنى ئۆتكۈزگەندىن تاشقىرى يەنە «سپارە» (بەش نەزىر)، (يۈز كۈنلۈك نەزىر) دېگەندەك نەزىرلەرنى ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ.

ھەتتاكى بەزى يەرلەردە (خوتەن) «يىگىرمە كۈنلۈك نەزىر» ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ. يەنە بەزى يەرلەردە «يەتتە نەزىر» چوڭ ئۆتكۈزۈلسە، تۇرپاندا «سپارە» (بەش نەزىر) چوڭ ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ.

«ئۈچ نەزىر» ئاساسەن مۇردىنى سۇغا ئالغۇچىلارنى رازى قىلىش مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا پەقەت يۇيغۇچىلار ۋە ئىمام – مەزىنلەر قاتنىشىدۇ.

ئۆلگۈچىگە بەش كۈن بولغاندا ئۇنىڭ ۋارىسلىرى مەخسۇس تەييارلىق كۆرۈپ يۇرت – مەھەللە جامائىتىنى تەكلىپ قىلىپ بىر قەدەر چوڭ دائىرىدە نەزىر ئۆتكۈزىدۇ. بەش نەزىردە (تۇرپاندا) ھەرقايسى ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ پوشكال، قۇيماق ۋە مەزدلەرنى ھازىرلىغاندىن تاشقىرى، بىر ياكى ئىككى قوي ۋە ياكى كالا سويۇپ تەييارلىق كۆرىدۇ. نەزىرگە ئەر – ئايال بىردەك تەكلىپ قىلىنىدۇ. نەزىرگە كەلگۈچىلەر (ئاياللار) ئادەتتە بەش ناننى داستىخان قىلىپ كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. داستىخان قىلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ داستىخىنىغا ئۆي ئىگىسى ئىككىدىن ناننى يۆگەپ بېرىدۇ. بۇرۇن نەزىر سوۋغىسىغا نان كۆتۈرۈپ كېلىنەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا نان ئۈستىگە رەخت، چاي، قەنت قاتارلىقلارنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىدىغان بولدى.

ئۆلگۈچىنىڭ «قىرقى نەزىرى» ئاساسەن «بەش نەزىرى» كۆلىمىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. «قىرقى نەزىرى» بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن ھازىدارلارنىڭ قارىلىقىنى سۇندۇرۇش رەسمىيەتلىرى بېجىرىلىدۇ.

«يىل نەزىرى» بىر قەدەر كەڭ دائىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. «قىرقى» ۋە «يىل» نەزىرىدىمۇ «بەش نەزىرى»گە ئوخشاش مېھمانلار ئۆز لايىقىدا داستىخان قىلىپ كېلىدۇ (ھازىر يېقىندىن نەزىرلەر خالىس قىلىنىدىغان بولدى). نەزىرلەر ئاساسەن ئادەتتە ئەتىگەن تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدۇ. نەزىردىن خەۋەر تاپقانلىكى ئادەم نەزىرگە داخىل بولىدۇ، شۇنىڭدەك، نەزىرگە كېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان يېتىم – يېسىر، غېرىب – غۇرۋالارغا نەزىر ئېشى ئايرىپ بېرىلىدۇ.

ئۆلگۈچىنىڭ ئوغۇل – قىزلىرى ئۆز ئالدىغا نەزىر بېرىدۇ. ھازىر ئائىلە باشلىقى پەرزەنتلەر نامىدىن بىرلا قېتىم نەزىر بېرىدىغان بولدى. تۇرپاندا ئائىلىلەردە ھەر پەيشەنبە كۈنى «ئەرۋاھ»لارغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىدىغان، ئەرلەر قەبرە بېشىغا چىقىدىغان ئەھۋال داۋاملاشماقتا. چۈنكى، ھەممە «ئەرۋاھ»لار جۈمە كۈنى مەككىگە تونلىنىپ، جۈمە نامىزى ئوقۇرمىش، مەككىگە بېرىش ئۈچۈن «ئەرۋاھ» تېتىك بولۇشى لازىممىش. ھەر پەيشەنبە كۈنى ياغ پۇرىتىلسا «ئەرۋاھ»لار تېتىكلىشىپ مەككىگە بالدۇر بارارمىش...

ئۇنىڭدىن باشقا نەزىر – چىراغ ئىشلىرىدا «بەش نەزىر» بىلەن «يەتتە نەزىر»نى بەزىدە چوڭ قىلىش، بەزىدە ئاددىي – ساددا ئۆتكۈزۈش ۋە بەزىدە خالىس ئۆتكۈزۈش (ھەتتا بەزىدە نەزىر – چىراغ قىلىنىدىغان ئىقتىسادنى يېتىم – يېسىرلارغا تارقىتىپ بېرىش، مەكتەپلەرگە ئىئانە قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ شەكىللىنىۋاتىدۇ) ھالەتىدە ئۆزگىرىشچان بولۇپ داۋام قىلىپ كەلمەكتە.


يىغىنچاقلىغاندا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا كۆپ خىل دىنلار، كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا مۇرەككەپ ۋە قويۇق ئۆرپ – ئادەتلەرنى شەكىللەندۇرگەن.

شۇڭا، مۇشۇنداق بىر قەدىمىي يۇرت كىشىلىرىنىڭ ئۆرپ – ئادەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەرەپ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بۈگۈنكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مەركەز قىلىنغان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاپتورلار: تۇرپان شەھەرلىك يار ئوتتۇرا مەكتەپتە)
(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق



# ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرى توغرىسىدا

ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەمەلدە قوللىنىش 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا قولغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئىش ئاساسىي جەھەتتىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ئىزدىنىش شۇ دەۋرگە ئەگىشىپلا باشلانغان بولسىمۇ، بۇ ئىش ئىستىخىيىلىك تۈردە داۋاملىشىپ كۆلەم ھاسىل قىلالمىدى. پەقەت 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندىلا بىر يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. بۇ ئىشلارنىڭ يېشىمى سۈپىتىدە ئېلان قىلىنغان كۆپلىگەن چوڭ ـ كىچىك ماقالىلەرنى ۋە يەنە «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى» (مۇئەللىپلەر كوللېكتىپى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۆكتەبىر)، «ئۇيغۇرلاردا فامىلە. ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە» (ئەنۋەر سەمەد غەربىي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل دېكابىر)، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى»، «ئىسىم قويۇش قوللانمىسى»، «كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى» (بۇ ئۈچ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇتەللىپ سىدىق قاھىرىدۇر)، «ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلىلىرى»، «ئىسىم ۋە فامىلە ئۆرنەكلىرى» (بۇ ئىككى ئەسەر ۋەلى كەرىم كۆكئالپ قەلىمىگە تېگىشلىك) قاتارلىق كىتابلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەرلەر يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىققا ئىگە بولغانلىقتىن، خەلقىمىز ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى ۋە ئۇنۇم بېرىشكە باشلىدى. بۈگۈنلۈكتە ھەرقايسى

گېزىت ـ ژۇرناللار، كىتابلاردا ۋە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىدە كىشلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى كەينىگە فامىلە سۈپىتىدە ھەر خىل نام ـ ئاتاقلارنى قوشۇپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز ۋە ئاڭلايمىز. مەسىلەن، ئەسەد سۇلايمان ئۇيغار، نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن، ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك، بەھرام قۇربان سىنتاش، نۇرمۇھەممەد دۆلەتي، تۇرسۇنجان لېتىپ ياركەندي، ئابدۇرەئۇف پولات تەكلىماكاني، ئوسمان ئىسمائىل تارىم، ئوسمانجان مۇھەممەد پاسىئان، ماھنۇر ھاجىياقۇپ ئانات، غالىب مۇھەممەد قارلۇق، دىلئارام قۇربان ئايتۇرك، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، خەمىت (توغرىسى: ھەمىد) ئابدۇللا زاكىر، دىلشات ئەنۋەر ئەبۇ مۇسلىم، ئادىل غاپپار كارىزي،....

يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەردە ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرى توغرىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلىپ، ئىلمي ۋە ئەمەلي تەكلىپ ـ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ بۇ توغرىسىدا قانۇني كۈچكە ئىگە رەسمي ھۆججىتى تېخىچە ئېلان قىلىنمىغانلىقى سەۋەبلىك، ئىسىم ـ فامىلىلىرىمىزدە سىستېمىلىقلىق يوق، قالايمىقانچىلىق ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇ ھال يەنە ئىزچىل، سىستېمىلىق فامىلە تەرتىپى بولمىغان بىر خەلقتە پەيدا بولىدىغان فامىلە سىستېمىسى تۇرغۇزۇشنىڭ ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرى تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتىدە ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلار يەنىلا كۆپ بولۇپ، ھەر ساھە كىشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ئىرىشىپ ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ.

مەن ئۇشبۇ ماقالەمدە ئۆزۈمنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھېس قىلغانلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر مۇلاھىزىسىگە سۇنماقچىمەن.

**1. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇشى كېرەك**

ھازىر بىزدە كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئېنىق سانى يوق. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 6 ـ تومىغا قوشۇمچە قىلىنغان «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى»نى قولدا ساناپ كۆرسەم ئەرلەرنىڭ تەخمىنەن 4200، ئاياللارنىڭ تەخمىنەن 3885 بولۇپ، جەمئىي 8085 ئىسىم چىقتى. ھالبۇكى، شۇ ئىسىملارنى مۇنداقلا قاراپ چىقساق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بىر خىل ئىسىمنىڭ ھەر خىل تەلەپپۇزىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، ئەسەدۇل، ئەسەدۇللا، ئەسەيدۇل، ئەسەيدۇللا دېگەن ئىسىملار «ئەسئەدۇللا» ياكى «ئەسەدۇللا» دېگەن بىرلا ئىسىمنىڭ؛ ھابىل، ھاۋىل، ھاۋۋل، ھائىل دېگەن ئىسىملار «ھابىل» دېگەن بىرلا ئىسىمنىڭ؛ نېغمەت، نېمەت، نېمتۇللا، نەمەت، نەمىتەم، نەمتۇللا، نەمتۇللا، نەمتۇل دېگەن ئىسىملار «نېئمەتۇللا»دېگەن بىرلا ئىسىمنىڭ؛ ئائىشە، ئائىشەم، ئايىشە، ئايشەم دېگەن ئىسىملار بىرلا «ئائىشە» دېگەن ئىسىمنىڭ؛ پاتىمە، پاتەم، پاتىمخان، پاتىخان، پاتىمەك دېگەن ئىسىملار بىرلا «پاتىمە» (ئەسلىسى «فاتىمە») دېگەن ئىسىمنىڭ ھەر خىل تەلەپپۇزىدىنلا ئىبارەت (يۇقىرىدىكى كىشى ئىسىملىرى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 6 ـ تومىدىن ئېلىندى). يەنە ئەمەلىيەتتىن ئېلىنغان مۇنۇ مىساللارغا قاراپ كۆرەيلى: ئابدۇلئەزىز، ئابلىز، ھابلىز، ھاۋلىز (قەشقەردە)؛ ئالىز (تۇرپان ئاستانىدە)؛ ئابدۇرەھمان، ئابدۇراخمان، ئادراخمان (تۇرپان ئاستانىدە)، ئابدۇلھەمىد، ئابلېمىت، ئابلىمىت، ئالىمىت (تۇرپان ئاستانىدە)؛ ئابدۇللا، ئابلا، ھابلا/ ھاۋلا (قەشقەردە)؛ ئەزىز، ئېزىز، ھېزىز، ھىزىز (تۇرپان ئاستانىدە)؛ مۇتېئۇللاھ، مۇتىۋۇللا، مۇتىلا، مىتىۋللا؛ تۇرانىخان، تۇخان؛ قۇربانىخان (شىمالدا)، قۇۋانىخان (جەنۇبتا)، ھاجەر، ھەجەر، ھاجىرە، ھاجىرەم ۋە باشقىلار.

بۇنى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تېخىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەنلىكى، قېلىپلاشتۇرۇلمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ھال دەپ چۈشەنمەي مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى خۇددى يەر ـ سۇ ناملىرى، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات ناملىرى، ھۈنەر ـ كەسىپ ناملىرى، نەرسە ـ كېرەك ناملىرى ۋە مەۋھۇم ئىسىملارغا ئوخشاشلا تىلىمىزنىڭ تەركىبي بۆلىكى، بايلىقىدۇر. بىز ئۇيغۇر ئەدەبي تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ـ قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىگە سەل قارىدۇق، گەپنىڭ ئوچۇقى، بۇ ساھەنى نەزەردىن ساقىت قىلدۇق. مېنىڭچە، تىلىمىزنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى ئەرەب، پارسلاردىن كىرگەن كىشى ئىسىملىرىنى ياكى ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ ياسالغان كىشى ئىسىملىرىنى (مەن بۇ يەردە ئەسلي ئەرەبچە، پارسچە تىل بىرلىكلىرى بولسىمۇ، ئەرەب، پارس خەلقلىرىدە كىشى ئىسمى ئورنىدا ئىشلىتىلمىگەن، ئەمما بىزدە كىشى ئىسمى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنى كۆزدە تۇتىمەن. مەسىلەن، «ماپارە، ماپارىخان» دېگەن ئاياللار ئىسمى تۇرپان رايونىدا ئۇچرايدىغان بولۇپ،

www.uyghurkitap.com



پارسچە «ماھپارە / ماھپارە»ــ لۇغەتتۇى مەنىسى «ئاي پارچىسى» بولۇپ، شېئىرىيەتتە «گۈزەل ئايال، گۈزەل قىز؛ چىرايلىق بالا» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ؛ ئەينەن ياكى يېقىنراق ئىپادىلەپ بېرىشكە قادىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسلىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا قېلىپلاشتۇرساق. مەسىلەن، ئابدۇلئەزىز، ئابدۇرەھمان، ئابدۇلھەمىد، ئابدۇللا، مۇتىئۇللاھ، نېمەتۇللاھ، ئەفرىدىدىن، ئەھمەد، مەھمۇد، سەئىدىدىن، ئەزىز، قۇربانخان، نۇرخان، ئائىشە(م)، فاتىمە(م) ۋە باشقىلار. مەن يەنە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىنىلا ئەمەس، بەلكى تەلەپپۇزىنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش زۆرۈر دەپ قارايمەن. ئەمەلىي تىل ئىستېمالىمىزدا كىشىلەر ئاغزىدىن ھەررەك ـ سەررەك ئىسىملارنى ئاڭلايمىز. مەسىلەن، مەمەتايۇپ، مەمەتۇرايىم، موللاۋات، مۇللاۋلا، موللاۋۇت، مۇجىدە، سىپىرەم، ھېپىزەم،... بۇ ئىسىملار مۇھەممەدئايۇپ، مۇھەممەد ئىبراھىم، موللائاباد، موللائابىد، موللائابدۇللا، مەۋجۇدە، سۇفىيە، ھەفزە،... دەپ يېزىلسا ۋە شۇنداق تەلەپپۇز قىلىنسا، ھەم ئىلمىي، ھەم مەنىلىك بولىدۇ.

مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان بەزىبىر ئوقۇرمەنلەر مېنى ئەرەبپەرەست ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇ پىكرىمنى بىر نەچچە يەردە ئىپتىۋېدىم، زىيالىيلىرىمىزدىن بەزىسى: «بىز ئەرەب بولمىساق»،دېدى. مەن زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئېغىر بېسىقلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تولۇقسىز ساناقلارغا كۆرە، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ % 40تىن كۆپرەكىنى چەت تىللاردىن كىرگەن سۆز ـ ئىبارىلەر تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پارسچە، ئەرەبچە سۆزلەردۇر. كىشى ئىسىملىرىمىزدىكى ئەرەبچە، پارسچە تىل بىرلىكلىرى ئۈنىڭدىنمۇ جىق بولۇپ، «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»دا كۆرسىتىلىشىچە، ئەرەبچە ۋە ئەرەبچە تىل بىرلىكلىرىدىن ياسالغان ئىسىملار تەخمىنەن %80نى، پارسچە ئىسىملار تەخمىنەن %5 نى، ئارىلاشما ئىسىملار تەخمىنەن %10 نى تەشكىل قىلىدۇ (قاراڭ: شۇ كىتاب، 133 ـ ، 135 ـ بەتلەر). شۇنداق ئىكەن، بۇ رېئاللىقتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى. بىر ئۇيغۇر ئەرەبچە ياكى پارسچە ئىسىمنى قوللىنىش بىلەن، ئۇ ھەرگىز ئەرەب ياكى پارس (ئىرانلىق) بولۇپ كەتمەيدۇ. مېنىڭ بۇ مەسىلىدە تەكىتلەيدىغىنىم ئىلمىيلىك. بىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرىنى بېكىتكەندە، ئەرەبچە، پارسچە سۆز ـ ئىبارىلەر خۇددى ئۇيغۇر تىلى سۆز ـ ئىبارىلىرىدەك بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۆزلەشكىنى (ئاغزىمىزدىن چىققىنى) بويىچە يازىمىز، دېدۇق ۋە شۇنداق دېدۇق ـ تە. بىر زامانلارغىچە «ئىختىساس، مەدىنىيەت، مۇئارىپ، مېھرىۋان، مۇئەسسە، مۇۋاپىقىيەت، غەلبە، ھەركەت،...» شەكلىدە يېزىپ يۈردۇق. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ئىملا قائىدىلىرىمىز ئىلمىيلىششقا قاراپ يۈزلىنىپ مورفولوگىيىلىك پرىنسىپ يېتەكچى ئورۇنغا چىققاندىلا، ئاندىن «ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، مېھرىبان، مۇئەسسەسە، مۇۋەپپەقىيەت، غەلىبە، ھەرىكەت (بۇ ئىككى سۆزنىڭ تېخىمۇ توغرىسى: غەلەبە، ھەرەكەت)،...»دەپ يازىدىغان بولدۇق.

مەلۇمكى، مورفولوگىيىلىك پرىنسىپ دېگىنىمىز ئادىي قىلىپ ئېيتقاندا، سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئەسلىي يىلتىز ھالىتىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزدىكى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەردىكى شەكلىنى يېزىقتا ئىپادە قىلماسلىقتۇر. مەسىلەن، كىتاب (تەلەپپۇزدا: كىتاپ)، كىتابى (تەلەپپۇزدا: كىتىۋى، كىتىپى)، مەكتەپ (تەلەپپۇزدا: مەكتەب، مەختەپ، مەكتاپ، مېكتاپ)، ئىقتىساد (تەلەپپۇزدا: ئىختىسات)، ئاپئاق (تەلەپپۇزدا: ئاپپاق)، تۇغقان (تەلەپپۇزدا: تۇققان)، ئەمگەك، ئەمگىكى (تەلەپپۇزدا: ئەمگىگى)، پرولېتار (تەلەپپۇزدا: پۇرۇلېتار، پۇرۇلتار)، رادىئو (تەلەپپۇزدا: رادىيو) ۋە باشقىلار. يەنە تارىخىي ـ ئېتىمولوگىيىلىك پرىنسىپ تۇرغۇسىدىن قارىغاندىمۇ، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆز ـ ئىبارىلەر ئەسلىي تەلەپپۇزى بويىچە ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق تەلەپپۇزنى ئىپادىلەيدىغان شەكىلدە (لېكىن، 1952 ـ يىللاردىن ئىلگىرىكى ئىملايىمىزدىكىدەك «اقتحاد، انقلاب، كتاب، مكتب، مؤسسه، موفقيت/ موفقيت» ... كە ئوخشاش ئەرەبچە يېزىق شەكلىدە ئەمەس) يېزىلىشى كېرەك.

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى» ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىلىرى»دىكى مۇناسىۋەتلىك ماددىلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، مۇنداق قائىدە كېلىپ چىقىدۇ (بۇ مېنىڭ چۈشەنگىنىم، خالاس): تىلىمىزغا ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆز ـ ئىبارىلەردىكى ئايىقى «ب،د» تاۋۇشلىرى (ھەرپلىرى) بىلەن ئاخىرلاشقان سۆز ـ ئىبارىلەر تۈرلەنگەندە ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ يېڭى سۆزلەر ياسالغاندا «ب، د» تاۋۇشلىرى ئەينەن ئىپادىلەنسە

(ئەسلىگە قايتسا)، بۇنداق سۆزلەرنىڭ تۈرلەنمىگەن شەكىللىرىدە «ب،د» ئەينەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن، ئىقتىساد ـ ئىقتىسادى، ئىنقىلاب ـ ئىنقىلابى ـ ئىنقىلابچى، ئاب ـ ھاۋا، ئابى زەمزەم ۋە باشقىلار.

مۇشۇ قائىدىنى تىلىمىزدىكى ئەرەبچە، پارسچە كىشى ئىسىملىرى ۋە ئەرەبچە، پارسچە تىل بىرلىكلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان كىشى ئىسىملىرىغىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئابىد ـ ئابىدىي؛ ئازاد ـ ئازادىي؛ ئەھمەد ـ ئەھمەدىي (ئابدۇرەھىم ئەھمەدىي)؛ سەمەد ـ سەمەدىي/ سەمەدوف؛ ياقۇب ـ ياقۇبىي (ئابدۇلھەمىد ياقۇبىي)؛ سەئىد ـ سەئىدىي ۋە باشقىلار.

يەنە مۇنۇ تىزىمغا قارايلۇق:

| ئەرلەر ئىسمى | ئاياللار ئىسمى | ئەرلەر ئىسمى | ئاياللار ئىسمى |
|---|---|---|---|
| ئابىد | ئابىدە | شەھىد | شەھىدە |
| ئادىل | ئادىلە | غالىب | غەلىبە |
| ئارىپ | ئارىپە | غەيۇر | غەيۇرە |
| ئارىز | ئارىزە | كامىل | كامىلە |
| ئازاد | ئازادە(م) | كەبىر | كەبىرە |
| ئاسىم | ئاسىمە | كەرىم | كەرىمە |
| ئاقىل | ئاقىلە | لەتىپ | لەتىپە |
| ئامىر | ئامىرە | ماھىر | ماھىرە |
| ئەزىز | ئەزىزە | مەسۇم | مەسۇمە |
| ئەمىر | ئەمىرە | مەسئۇد | مەسئۇدە |
| ئەنۋەر | ئەنۋەرە | مەھبۇب | مەھبۇبە |
| پاتىھ | پاتىھە | مەھپۇز | مەھپۇزە |
| پەرىد | پەرىدە | مەھمۇد | مەھمۇدە |
| خالىد | خالىدە | مەۋلۇد | مەۋلۇدە |
| رامىل | رامىلە | مۇنەۋۋەر | مۇنەۋۋەرە |
| رەشىد | رەشىدە | مۇنىر | مۇنىرە |
| رەھىم | رەھىمە | نادىر | نادىرە |
| زاكىر | زاكىرە | ناسىر | ناسىرە |
| زاھىر | زاھىرە | نەسىب | نەسىبە |
| زەرىپ | زەرىپە | نەسىم | نەسىمە |
| سابىر | سابىرە | نەئىم | نەئىمە |
| سالىھ | سالىھە | ھەبىب | ھەبىبە |
| سەلىم | سەلىمە | ھەكىم | ھەكىمە |
| سەئىد | سەئىدە | ھەلىم | ھەلىمە |
| شاكىر | شاكىرە | ھەمىد | ھەمىدە |
| شاھىد | شاھىدە | | |
| شەرىپ | شەرىپە | | |

يۇقىرىدىكى 52 جۈپ كىشى ئىسمىدىكى: ئازاد ـ ئازادە، پەرىد ـ پەرىدە، خالىد ـ خالىدە، رەشىد ـ رەشىدە، سەئىد ـ سەئىدە، شاھىد ـ شاھىدە، شەھىد ـ شەھىدە، غالىب ـ غەلىبە، مەسئۇد ـ مەسئۇدە، مەۋلۇد ـ مەۋلۇدە، نەسىب ـ نەسىبە، ھەبىب ـ ھەبىبە، ھەمىد ـ ھەمىدە،... دېگەن ئىسىملاردا ئەرلەر ئىسمىنىڭ ئايىغىدىكى «ب، د» ھەرپلىرى ئېغىزاكى نۇتۇقتا «پ، ت» تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ، شۇ ئىسىملارغا ئەرەبچە ئاياللار سىخېمىسى «ە» (ئە) قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ئاياللار ئىسمى ياسالسا «ب، د» تاۋۇشلىرى ئەسلىگە كېلىدىغانلىقى سەۋەبلىك، ئەرلەر ئىسىملىرىمۇ تىزىملىكتە كۆرسىتىلگەن شەكىلدە يېزىلسا توغرا بولىدۇ. «پاتىھ ـ پاتىھە، سالىھ ـ سالىھە» دېگەن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدىكى «ھ» تاۋۇشى ئېغىزاكى نۇتۇقتا «خ» تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ ياكى «ھ» چۈشۈپ قېلىپ «سالى، سەلەي» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ، ئەسلىسى بويىچە «ھ» تەلەپپۇز قىلىنغىنى ۋە شۇنداق يېزىلغىنى تۈزۈك.

ئەمدى يۇقىرىدىكى تىزىملىكتىكى كۆپچىلىك ئىسىملارنىڭ ئايىغىدا «ب، د» تاۋۇشلىرى (ھەرپلىرى) بولمىسىمۇ، بۇ ماقالىگە بېرىشىمدىكى سەۋەب مۇنداق: بۇ خىلدىكى ئىسىملارنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا «ئە» سوزۇق تاۋۇشى بار بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ (پەرىد ـ پەرىدە، سەئىد ـ سەئىدە، شەھىد ـ شەھىدە، مەسئۇد ـ مەسئۇدە، نەئىم ـ نەئىمە،...) تەلەپپۇزدا «ئە» سوزۇقى «ئې» ياكى «ئى»غا ئاجىزلاشمايدۇ. قالغانلىرىدا «ئە» سوزۇقى «ئې» ياكى «ئى»غا ئاجىزلىشىدۇ. لېكىن مەن، ئىملا قائىدىلىرى تۈزۈشنىڭ تىل ھادىسىلىرىدىن ئومۇمىي ـ ئورتاق قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئىمكان بار ئىخچام، چۈشىنىشلىك ۋە ئەستە قالارلىق قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت باش ۋەزىپىنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ خىل ئىسىملاردىكى بىرىنچى بوغۇمدا كەلگەن «ئە» تاۋۇشى ئېغىزاكى نۇتۇقتا قانداق تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر بىردەك «ئە» قىلىپ يېزىلىشى لازىم، دېمەكچىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل پىكىر مېنىڭلا قارىشىم ئەمەس، بەلكى خېلىلا كۆپ زىيالىيلىرىمىزنىڭ قارىشى. مەتبۇئاتلاردا ئۇچرايدىغان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىغا قارايدىغان بولساق، بۇ خىل قاراشنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ئابدۇرەئۇف (ئابدۇرەئۇف پولات تەكلىماكانىي، بۇرۇن «ئابدۇرۇپ» دەپ يازار ئىدى)، ئەھمەد (غازى ئەھمەد)، نىزامىدىن (ئا. نىزامىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەنجانىي)، ئابدۇرەھمان (ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى)، جالالىددىن (ئابدۇقادىر جالالىددىن)، ئابدۇلئەھەد ئابدۇلرەشىد بەرقىي، شەھابىددىن ئابدۇلئەھەد (ئەسلەتمە: «شاۋۇدۇن» دېگەن ئىسىم «شەھابىددىن»نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن پەيدا ئالغان).

هازىرقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىشتىن قارىغاندا، ئەسلىي يىلتىزىنى ئىزدەش، ئۆزلۈكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئىستىكى كۈچەيمەكتە. بۇ، كىشىلىرىمىز ئېڭىنىڭ ئۆسكەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. بۇنداق ئاڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدا بىخلىنىپ، 20 ـ ئەسىر باشلىرىدا كۆكلەشكە باشلىدى، دېسەك بولىدۇ. ئاقارتقۇچىلىق—مەرىپەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ يول ئاچارلىرىدىن بولغان ئابدۇلقادىر ئابدۇلۋارىس داموللام، مۇھەممەد ئەلى تەۋفىق، مۇھتىيىلار، مۇساباييىفلار، ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر، شەۋقىي، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق كىشىلىرىمىز ئانا تىلى ساپلىقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ساپلىقى ئۈچۈنمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەسىلەن، ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا «چولپان، ئايتۇلۇن، يۇلتۇز، ئايدىن، ئارسلان» دېگەن ئاتلارنى قويدى. يەنە: ئارتۇغرۇل، ئارتۇق، تۇران، ئىلغار، يۈكسەك، يۈكسەل،... دېگەن ئىسىملار، ئارتىشى (توختى باقى ئارتىشى، بۇ سۆز «ئارتىش + ي = ئارتىشي» شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، «باشقىلاردىن ئارتىپ چۈشكۈچى، ئېشىپ چۈشكۈچى» مەنىسىنى بېرىدۇ.—توختى باقى ئارتىشىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن). قايىنام ئۆركىشى (ل.مۇتەللىپ)، ئۆتكۈر (ئابدۇرەھىم تىلەشوف ئۆتكۈر)، قىزىق (تۇرسۇن ۋاھىدىي)،... دېگەن ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىم ۋە تەخەللۇسلار (هازىر فامىلە سۈپىتىدە) شۇ چاغلاردا بارلىققا كەلدى. بۈگۈنىمىزدە بۇ جەھەتتىكى يۈكسىلىشلەر تېخىمۇ زور بولۇپ، يېڭىدىن يېڭى ساپ ئۇيغۇرچە (ئومۇمىي تۈركىي) ئىسىملار يارىتىلدى. ۋەلى كەرىم كۆكئالپىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئەسەرلىرى دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئۇلاردا ئۇيغۇر ئىسىملىرىدىن 8000دىن كۆپرەكى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەقەت %15 ـ 10ىلا ئەرەبچە، پارسچە تىل بىرلىكلىرى ئارىلاشقان قوشما ئىسىملاردىن ئىبارەت. بۇلار، بىزنىڭ ئىسىم ـ فامىلە يارىتىشتا پايدىلىنىش قوللانمىسى قىلىشىمىزغا بولىدۇ.

لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا يېڭىدىن قويۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا بىلىپ ـ بىلمەي دېگەندەك چەت ئەل يەر ناملىرىنى، كىشى ئىسىملىرىنى، سەييارە، ئاي ناملىرىنى قوللىنىشتەك ئەھۋالمۇ كۆرۈلمەكتە. مەسىلەن، ئاپرېل، ئوپېرا، زويا، گالە، ۋېنېرا، ئەراپات، ئەزھەر، مۇھەررەم، سۇقرات،... دېگەندەك. ئەسلىنى ئالغاندا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا ئىسىم قويۇشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىسمىنى ئۆزگەرتىشى ھەر كىمنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ياكى سىياسىي ئاتالغۇ بىلەن ئېيتقاندا كىشىلىك ھوقۇقى. ئەمما مەن ئۆزىمىزدە ئىسىم قويۇشقا يېتەرلىك مەنبە تۇرغان يەردە، يەنىلا ئۆزىمىزنىڭكىنى ئىشلەتكىنىمىز تۈزۈك، دەپ قارايمەن. ئۆزىمىزدىكى ئىسىم ئامبىرى بىزنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىمىزنى قاندۇرالمىغان ئەھۋالدىلا، ئاندىن باشقا خەلقلەردىن ئالساق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق بۇ ئىشنى دەپ يۈرۈشۈمدىكى سەۋەب: بۇنداق ئىسىملار تولىمۇ بۇزۇپ قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، «ئەرەفات» دېگەن ئىسىم ئاراپات، ئارپات، ئەرپات، ئېرپات، ئىرپات دەپ ئۆز ئېتىقادىمىزغا ھۆرمەتسىزلىك بىلەن بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنماقتا ۋە يېزىلماقتا.

يەنە بۇرۇنقى چاغلاردىن قالغان «چورۇق، سۈپۈرگە، چويۇن» دېگەندەك ئىسىملارمۇ ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدۇ. بۇنداق ئىسىملارنىڭ قويۇلۇشىدىمۇ بەلگىلىك ئارقا كۆرۈنۈش بار بولۇپ، بالىسى چاچراپ كېتىپ تۇرمىغان ئاتا ـ ئانىلار كېيىنكى بالىلىرىنىڭ تۇرۇپ قېلىشىنى تىلەپ «يامان كۆزلەر»دىن ساقلاش ئۈچۈن شۇنداق ئىسىملارنى قويۇشقان. زامانىنىڭ تەرەققىياتى، كىشىلەر ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ بۇنداق ئىسىملارنى قويۇش ئادىتى ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتكۈسى.

گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ مەزمۇن دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر فىلولوگىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئىسىمشۇناسلىق بىر ئىلىم سۈپىتىدە ئۆگىنىلىپ، بۇ جەھەتتە بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشىلگەندىلا، ئاندىن ئۇيغۇر فامىلىلىرى مەسىلىسىگە كىرىشىش مۇمكىن. ئەمەلىيەتتىمۇ بىزدىكى فامىلە مەسىلىسى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى توغرىسىدىكى ئۆگىنىش ـ تەتقىقاتتىن

2007.

ئايرىلالمىغان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەر پىكرد-
مىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيد-
غۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى ئۇيغۇر فامىلە تىزىمىنى
تۈرگۈزۈشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى— بىرىنچى بالدىقى
بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۇيغۇر فامىلە تىزىمىنى
تۈرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ھەر قانداق مىل-
لەتتە، بولۇپمۇ بىزدە فامىلىنىڭ ئۇلى ئىسىمدىن سىلىنىدۇ.

**2. ئۇيغۇر فامىلىلىرى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر**

كۆنىمىزگىچە، ئۇيغۇرلاردا ئىزچىل فامىلە سىستېمىسى
بار بولمىغانلىقتىن، بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەر خېلىلا مۇ-
رەككەپ ۋە بۇلارنى قىسقا مۇددەتتە ھەل قىلالماقمۇ قىيىن.
ئەگەر ئۇيغۇرلارغا خاس بىرەر فامىلە تىزىمى تۈزۈلۈپ
بېكىتىلدى دېگەندىمۇ، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرمەككە خېلىلا
بىر جەريان كېتىدۇ (ماقالە ھەجىمىنىڭ چوڭلاپ كېتىمەس-
لىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا
توختالمايمەن).

«ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇرلاردا فامىلە.
ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە» دېگەن كىتابلاردا ئۇيغۇر فامىلە
تىزىمى توغرىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزۈلۈپ،
ئوبدان لايىھە-ئەندىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەن بۇ
لايىھە-ئەندىزىلەر ئىچىدىن «ئۆز ئىسمى+ ئاتا ئىسمى
+فامىلە» تەرتىپىنى قوللايمەن. مېنىڭچە، كىشىلىرىمىز
ئىچىدە بۇ خىل ئىسىم-فامىلە تەرتىپىنى ياقلايدىغانلار
كۆپ بولۇپ، بۇ ھەقتە تالىشىپ ئولتۇرمىساقمۇ بولۇر.
فامىلە قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر خەزىنىمىزمۇ مول
بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ باش قېتىنچىلىقى يوق، باشقىلارغا
تەلمۈرمەيمىز. لېكىن بۇ يەردە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك
ئىككى مەسىلە بار: بىرىنچىسى، ئۇيغۇر فامىلىسىنىڭ ئا-
يىغىنى قانداق شەكىلگە كىرگۈزۈش مەسىلىسى؛ ئىككىن-
چىسى، ئىسىم-فامىلە تەرتىپىنى قانداق يوسۇندا داۋاملا-
شتۇرۇش مەسىلىسى.

بىرىنچى مەسىلە، ئەگەر رۇسچە فامىلە قوشۇمچىسى
«-وف، -يېف، -ۋا، -يېۋا»نى ئىشلىتەيلى دېسەك،
بۇنى خەلقىمىز قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ
بىلىشىمچە، رۇسچە فامىلە قوشۇمچىلىرى كىشى ئىسمى
قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرگىلا قوشۇلىدۇ. تەخەللۇس،
لەقەملەرگە قوشۇلۇپ فامىلە قىلىنمايدۇ. مەسىلەن، «لې-
نىن، ستالىن» دېگەن ئەسلىدە تەخەللۇس بولۇپ، «لې-
نىن» ۋ.ئى ئۇليانوفنىڭ، «ستالىن» بولسا ئى. ۋ. چۇ-
گاشۋىلىنىڭ تەخەللۇسىدۇر. مەن ھازىرغىچە بۇ ئىككى
نامنىڭ ئايىغىغا رۇسچە فامىلە قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ فا-
مىلە ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى چېلىقتۇرمىدىم. ئىلگىرى
ئۇيغۇرلاردا ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئەرشەم (ئەرشىدىن)
ھېدايەتوف، مۇسابايېف، ئىمساخان جەلىلوۋا، پاتىگۈل
سابىتوۋا،... دېگەندەك فامىلىلەر ياسالغان ۋە ھازىرمۇ
ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار مۇشۇنداق
تىزىمنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە. نۆۋەتتە، بىز فامىلە ئورنىدا
ھەرقانداق سۆزنى (يەر-سۇ، كۆك، ئۆسۈملۈك، ھايۋا-
نات، ھۈنەر-كەسىپ، ئۇرۇق-قەبىلە، ئەجداد-بابا،
لەقەم-تەخەللۇس، قەدىمكى ئەمەل-مەنسەپ ناملىرىنى
ۋە مەۋھۇم ئىسىملارنى) ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى
تەۋسىيە قىلىۋاتقان بىر چاغدا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى
ئاخىرىغا رۇسچە فامىلە قوشۇمچىلىرى قوشۇپ فامىلە يا-
ساشقا بولسىمۇ، باشقا سۆزلەرگە قوشۇپ: كالدىروف،
تورپاقوف، ئالتىنانوف، سېۋەتېۋا، قازانوۋا (بۇلاردىكى
تۆپ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى جەمەت لەقەملىرىدۇر)، غەم-
كىنوف، ياۋۋۇزوف، ياغلاقاروۋا،... دەپ ئاتىماق ناھايىتى
يوچۇن ئاڭلىنىدۇ. دېمەك، ئىلمىي تۇرغىدىن قارىغاندىمۇ،
بۇ بىزگە ماقۇل كۆرۈلمەيدۇ.

يەنە ئۆز ۋاقتىدا، ئېنىقى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-
يىللىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن ئىشلە-
تىلگەن «ئۆز ئىسمى+ ئاتا ئىسمى+ ئوغلى / قىزى»
شەكلىدىكى (مەسىلەن، ئوسمان ئاخۇن مۇھەممەد ئاخۇن
ئوغلى، قادىر ھەسەن ئوغلى، ئايشەم شەمى قىزى، مەغپە-
رەت ناسىر قىزى،... دېگەندەك) تەرتىپىنى قوللىنىش
مەسىلىسىگە كەلسەك، بىز ئۈچۈن بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.
چۈنكى، بىزدە ئەر ۋە ئايال ئىسىملىرى ناھايىتىمۇ پەرق-
لىق. ئاز ساندىكى تۆپى ئوخشاش ئىسىملارنىڭ ئايىغىغا
«جان، خان، ئاخۇن، گۈل» قوشۇمچىلىرىنى قوشساقلا،
بۇ يەردىكى ئېنىقسىزلىقلار تۈگەيدۇ. مەسىلەن، روزى
ئاخۇن-روزىگۈل، ھوشۇرجان / ھوشۇرئاخۇن-ھو-
شۇرخان، تۇرسۇنجان-تۇرسۇنخان، قۇربانجان-قۇر-
بانخان، نۇسرەت-نۇسرەتخان ۋە باشقىلار.

ئەمدى ئەرەبچىدىكى «ابن» (ئىبن، مەنىسى: ئو-
غۇل)، «بنت» (بىنت، مەنىسى: قىز) سۆزلىرى؛ پارس-
چىدىكى «زاد، زادە» (يېزىلىش شەكلى ئوخشاش،

مەنىسى: بالا، ئەۋلاد) سۆزلىرىنى ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلە تەرتىپىدە ئىشلىتىش مەسىلىسى توغرىسىدا شۇنىلا دېيەلەيمىزكى، يېقىنقى يۈز يىلدىن بېرى «ابن، بنت» سۆزلىرىنى ئىشلەتكەن كىشىلىرىمىز ناھايىتى ئاز بولدى. بۈگۈنىمىزدە بولسا پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قېلىپ، پەقەت ئەرەبچە ئۆگىنىۋاتقان كىشىلەرلا ئىملا مەشىقلىرىدە بۇ سۆزلەرنى ئىشلەتمەكتە. «زاد، زادە» سۆزلىرىنى ئىشلەتكەنلىك مىسالىغا پەقەت: شاھزاد، شاھزادە، بەگزاد، خانزاد دېگەن ئىسىملارنىلا كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۆزلەر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەركىبىي بۆلىكى بولۇپلا كەلگەن. دېمەك، بۇ سۆزلەر بىزنىڭ ئىسىم ـ فامىلە تىزىمىنى تۈرغۇزۇشتا ئىشلىتىشىمىزگە باب كەلمەيدۇ.

ئەرەبچە تەۋەلىك ــ مەنسۇپلۇق قوشۇمچىسى «ى» (ئىي، يى) توغرىسىدا توختالساق، بىزدە بۇ قوشۇمچە ئارقىلىق تەخەللۇس، فامىلە ياساشنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق. ئىلگىرىكىسىنى قويۇپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 ـ 30 ـ يىللىرىدىكى ئەھۋالنىلا دېسەك، شۇ چاغدىكى زىيالىيلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى شۇ قوشۇمچىنى ئاتىسىنىڭ ياكى بوۋىسىنىڭ ئىسمى ئايىغىغا ئۇلاپ فامىلە قىلىپ قوللانغان. مەسىلەن، ئابلىز (ئابدۇلئەزىز) نازىرىي، ئەنۋەر ناسىرى، ئەھمەد زىيايى، مۆمىن سەپىرىي، غەنىزات غەيۇرانىي قاتارلىقلار. بۇ قوشۇمچىنىڭ بىر ياخشى يېرى ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسمى كەينىگە ئوخشاشلا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئىبراھىم سەلىمىي، لېتىپ سەھەدىي، مەريەم سەلىمىي، ئامىنە خالىدىي،... فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان يەر ـ سۇ، ھۈنەر ـ كەسىپ، ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىغا، سۈپەت سۆزلىرىگىمۇ قوشقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، خاقانىي [تارىختا «خاقانىي شىرۋانىي» (ئەسلىي ئىسمى شەرىفى: ئەفزەلىددىن بەدىل ئىبن ئەلى، 1199 ـ 1120) تەخەللۇس ـ فامىلىلىك ئازەرىي شائىرى ئۆتكەن، ھازىر ئىشلەتسەكمۇ بولىدۇ]، خەراباتىي (مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇللا خەراباتىي)، ئاستانىي (ئەھمەد ئاستانىي)، غەمكىنىي،... بۇنداق شەكىل قوللىنىلسا، ھەرقانداق ئادەم بىر قاراپلا ئۇنىڭ فامىلە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. ئۇنى يەنە ئۆز ئىسمى، ئاتا ئىسمىنى قوشمايمۇ ئايرىم قوللىنىش مۇمكىن. مەسىلەن، فارابىي، كاشغەرىي، يۈكنەكىي، نەۋائىي، ياركەندىي، ئەزىرىي،...

دېمەك، مېنىڭچە ئۇيغۇر فامىلىلىرى ئايىغىغا «ئىي، يى» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ فامىلە شەكلىنى يارىتالىساق (بۇرۇندىنلا يارىتىلىپ بولغان) ۋە قانۇنىي يوسۇندا بېكىتىلسە، بۇنىڭ تېز ئومۇملىشىش مۇمكىنچىلىكى زور. شۇڭا ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلە تىزىمىنى تۇرغۇزۇشتا بۇ شەكىل ئويلاپ كۆرۈلسە بولىدۇ.

تېخىمۇ ياخشى چارە: ئۇيغۇرلار فامىلە قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان ۋە ئىشلەتمەكچى بولغان سۆزلەرنىڭ ئايىغىغا ھېچقانداق قوشۇمچە قوشماسلىقتۇر. مېنىڭچە، بۇ ئۇسۇل ئاددىي بولۇپ، خەلقىمىز ئارىسىدا تېز ئومۇملىشىدۇ. شۇغىنىسى، بۇ ئۇسۇلدا فامىلە قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ سوڭىغا ھېچبىر قوشۇمچە قوشۇلمايدىغانلىقى سەۋەبلىك، بۇنداق فامىلىلەر ئۆز ئىسمى، ئاتا ئىسمى تاشلىۋېتىلىپ يالغۇز قوللىنىلغاندا، فامىلە قىلىپ ئىشلىتىلگەن كىشى ئىسىملىرىدىن باشقا سۆزلەرنىڭ فامىلە ياكى باشقا سۆز (نام) ئىكەنلىكىنى بىلمەك قىيىنراق. مەسىلەن، كۆك، يارقىن، ياۋۇز،...

ئىككىنچى مەسىلە. ئىسىم ـ فامىلە تەرتىپىنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش، يەنى بوغۇممۇ ـ بوغۇم (ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد) ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسى. ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلە مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى مول بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلە تەرتىپىنى قانداق يوسۇندا داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسى دېگەندەك يورۇتۇلمىغان. ئىسىم ـ فامىلە قوللىنىۋاتقان كىشىلىرىمىز بۇ توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىۋاتقان بولسىمۇ، مەتبۇئات يۈزىدە ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقى ئۈچۈن (ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ھەممىلا نەشرى ئەپكارلارنى كۆرۈپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەس)، بۇ ھەقتە ئۆز قارىشىمنى قويماقچىمەن.

ئالدى بىلەن مۇنۇ شەكىلگە قارايلى:

يۈسۈپ ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

مەيمۇنىخان ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

ئابدۇلئەزىز ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

مەھمۇد ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

ئامىنە ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

ئەگەر ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلە تىزىمى «ئۆز ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلە» تەرتىپىدە بېكىتىلسە (ھازىرچە شۇنداق پەرەز قىلىپ تۇرايلى)، بۇ تەرتىپتىن

خەۋەردار ھەرقانداق كىشى بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى فامىلىسىنىڭ «ئىدىقۇتلۇق»ئىكەنلىكىنى، «ئۆز ئىسمى» قاتارىدىكى ئالتەيلەننىڭ ئىلياس (قارى) دېگەن كىشىنىڭ باللىرى ئىكەنلىكىنى بىلۋالالايدۇ. بۇ جەمەتنىڭ 3 _ ، 4 _ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بوغۇمدىكىلىرىمۇ «ئىدىقۇتلۇق» فامىلىسىنى سۆزسىز قوللىنىدۇ. لېكىن بۇ جەمەتنىڭ بوغۇملار (ئەجداد _ ئەۋلاد) باغلىنىشىغا قانداق تەرتىپتە ئېنقلىق بېرىلىشى كېرەك؟ مەسىلە مانا شۇ يەردە.

ئەمدى تۆۋەندىكى شەكىلگە قارايلۇق:

يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

ئەسئەد يۇنۇس ئىدىقۇتلۇق

ئەزىزە ئەسئەد ئىدىقۇتلۇق

ئۇيغۇر ئىسىم _ فامىلە تىزىمىدىن خەۋىرى بار ھەر قانداق كىشى بۇ شەكىلگە قاراپلا يۇنۇسنىڭ ئىلياس قارى بالىسى ئىكەنلىكىنى، ئەسئەدنىڭ يۇنۇس ئىلياس ئوغلى ئىكەنلىكىنى، ئەزىزەنىڭ ئەسئەد يۇنۇس قىزى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالايدۇ. دېمەك، بۇ تەرتىپتە فامىلە ئۆزگەرمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئۆز ئىسمى ۋە ئاتا ئىسمىنىڭ ئورنى نىسپىي رەۋىشتە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بوغۇملار (يەنى ئەجداد _ ئەۋلاد) باغلىنىشى ئايدىڭلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، نەچچە بوغۇم كىشى ئىسىملىرىنىڭ بىرلا مەتبۇئاتتا بىرلا ۋاقىتتا ئۇچرىشى ناتايىن. لېكىن فامىلە ئوخشاشلىقىغا قاراپ بولسىمۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ بىر جەمەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئىسىم _ فامىلە تەرتىپىدە بوغۇملار باغلىنىشىنى ئاجرىتىش، بولۇپمۇ نەسەبنامە يېزىشتا ۋە ئارخىپ _ ھۆججەتلەردە ناھايىتى مۇھىم.

ئەسكەرتمە: مەن ھازىرغىچە مەتبۇئات يۈزىدە «ئۆز ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلە» تىزىمىنى يۇقىرىدا كۆرسەتكەن شەكىلدىكىدەك داۋاملاشتۇرغان كىشىلەردىن پەقەت «دىلشاد ئەنۋەر ئەبۇمۇسلىم»نىلا چىلىقتۇردۇم. لېكىن دىلشادنىڭ ئاتىسى ئەنۋەر ھازىرغىچە «ئەنۋەر ئابدۇلھەق ئەبۇمۇسلىم» دەپ ئىشلەتمەي، «ئەنۋەر ئابدۇلھەق» دەپلا يۈرۈۋاتقانلىقى سەۋەبلىك [مەن «ئابدۇلھەق ئەبۇمۇسلىم» دەپ ئاتاشقا ۋە شۇنداق يېزىشقا (مەتبۇئات يۈزىدە: ئابلەق ئابامسلىم، ئابلەق ئاۋامسلىم؛ ئېغىزدا: ئابلەخ ئاۋمسلىم) شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىن ئىجازەت ئالدىم]، يەنىلا ئۆز جەمەتىم ئۆلگىسىدىن مىسال كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇنى توغرا چۈشەنگەي.

ئاياللار فامىلىسى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئاياللارمۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە ھەرقانداق شارائىتتا ئۆز ئاتىسى فامىلىسىنى ئىشلەتكىنى تۈزۈك. چۈنكى، فامىلە مەسىلىسىدە ئۇلارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا تەڭ ھوقۇقلۇق. ئەگەر ئاياللار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن ئېرىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىشى كېرەك، دېسەك بۇ ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز ئوغۇل _ قىزلار تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بېشىنىڭ باش، ئايىغىنىڭ تاش بولۇپ، ئۆمۈربويى ئىجىل _ ئىناق ئۆتۈشىنى تىلىسەكمۇ، تۇرمۇشتا ئېرى ئۆلۈپ كېتىش، چىقىشالماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى جورىسىنى ئالماشتۇرىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئاياللارنىڭ ئەرگە تېگىشتىن ئىلگىرى ئۆز ئاتىسى فامىلىسىنى، ئەرگە تەگكەندىن كېيىن ئېرىنىڭ فامىلىسىنى، جورىسىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن يېڭى ئېرىنىڭ فامىلىسىنى ئىشلىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھال تۇرمۇش سەپىرىدە ئاياللارغا پۈتمەس _ تۈگىمەس ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بېرىدۇ. ئەگەر قوش فامىلە ئىشلىتىشنى (ئۆز ئاتىسىنىڭ ۋە ئېرىنىڭ فامىلىسىنى بىللە ئىشلىتىشنى) تەۋسىيە قىلساق، بۇنىڭدا، بىرىسى ئىسىم _ فامىلە بەك ئۇزۇراپ كېتىدۇ؛ يەنە بىرسى، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر بىلەن يەنىلا فامىلە ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقتىن، مەسىلە يەنىلا ئۇزۇل _ كېسىل ھەل بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشتا چەت ئەللەرنىڭكىنى دورىماسلىقمىز كېرەك.

يەنە بىر ئىش، ئۇيغۇر ئىسىم _ فامىلىلىرى تىزىمىدە ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتا ئىسمى ۋە فامىلە ئارىلىرىغا قارا چېكىت قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى بىزدە كىشى ئىسىملىرى ئاساسىي جەھەتتىن بىر سۆزدىن تۈزۈلىدۇ. قوشما ئىسىملار مەسىلىسىگە كەلسەك، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىلىرىدە: ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئوشۇق تىل بىرلىكلىرىدىن ياسالغان بىرىكمە سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ، دېگەن بىر قائىدە بار. مەسىلەن، ئاش + تاختا = ئاشتاختا، ئاي + پالتا = ئايپالتا، بەش + تۈگمەن = بەشتۈگمەن، ئۈچ + كۆبرۈك = ئۈچكۆبرۈك، مارال + باش + ى = مارالباشى، جاھان + كەز + ەر = جاھانكەزەر ← جاھانكېزەر، ھاڭ + باق + تى ← ھاڭباقتى ← ھاڭۋاقتى، پىياز + ەك = پىيازەك،... مۇشۇ قائىدە بويىچە قوشما ئىسىملار: تۇردىباقى ئازنىباقى، ھەلىمنىياز، ئايبوستان تاشئاخۇن، بايچېچەك،... شەكلىدە يېزىلسا ۋە بۇلارنىڭ

كەينىگە بىرەر فامىلە قوشۇلسا بولىدۇ. مەسىلەن، يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق، دېگەندەك.

ئۆز ئىسمى، ئاتا ئىسمى ۋە فامىلە ئارىسىغا قارا چېكىت قويۇش پەقەت مەتبۇئات يۈزىدە ئورۇن تېجەش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلسە بولىدۇ (ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ مىساللىرىمۇ ئاز ئەمەس). مەسىلەن، ئا.ت. ئۆتكۈر (ئابدۇرەھىم تىلەشىپ ئۆتكۈر)، م.ك. ھەمرايېف (مۇرادبەك كەرىموۋىچ ھەمرايېف)، ئا. ياقۇبىي (ئابدۇلھەمىد ياقۇبىي)، ئا. ت. مۇراد (ئابدۇزاھىر تاھىر مۇراد) ۋە باشقىلار. لېكىن ئىسىملىرىنىڭ بىرىنچى ھەرپى ئوخشاش بولغان بىر فامىلىلىك كىشىلەر ئىسىملىرىنى قىسقارتىپ ئىشلىتىشتە دىققەت قىلمىقى كېرەك، يەنە ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ئۇچرىشىشلاردا ئۆز ئىسمى، ئاتا ئىسمىنى قىسقارتىپ ئىشلىتىشمۇ ماقۇل كۆرۈلمەيدۇ.

مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شۇنى دېگۈم كېلىدۇ. ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا يېقىنقى يىللاردىن بېرى چەت ئەل كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرى ئارىسىغا قارا چېكىت قويۇلىدىغان يوچۇن ئادەت پەيدا بولۇپ قالدى. مەلۇمكى، ئېلىپبەلىك يېزىق ئىشلىتىلىدىغان تىللاردا سۆزلەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ، كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرىمۇ شۇنداق. ئەرەب يېزىقى نېگىزىدە شەكىللەنگەن ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئېلىپبەلىرىدە چوڭ ۋە كىچىك ھەرپلەر بولمىسىمۇ، لېكىن ھەرپلەرنىڭ مۇستەقىل، باش، ئوتتۇرا، ئاياغ شەكىللىرى بار بولغانلىقتىن، جۈملىدە سۆزلەر نىقتاپ يېزىلىسىمۇ ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ، ئىسىم ـ فامىلىلەرمۇ شۇنداق. لاتىن يېزىقى نېگىزىدە شەكىللەنگەن ئېلىپبەلەردە ھەرپلەرنىڭ باسما ۋە يازما شەكىللىرى ھەم ھەر ئىككى شەكىلدە چوڭ، كىچىك ھەرپلەر بار بولۇپ، سۆزلەر ئايرىپ ـ ئايرىپ تىزىلىدۇ (يېزىلىدۇ). ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرىنىڭ بىرىنچى ھەرپى چوڭ ھەرپلەردە تىزىلىدۇ (يېزىلىدۇ). مەسىلەن، Gunnar Jarring, Aleksiy Slowa پەممچە، مەتبۇئاتىمىزدا چەت ئەل كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرى ئارىسىغا چېكىت قويۇش ئادىتى خەنزۇچىدىن ئەسەر تەرجىمە قىلىش جەريانىدا قارىغۇلارچىسىگە ئۆلۈك دوراش ئارقىسىدا كېلىپ چىققان. خەنزۇ يېزىقى چاسا يېزىق بولۇپ، تېكىستلەردىكى سۆزلەر (ھەرپلەر) قاتار (ئارىلىق قالدۇرۇلماي) يېزىلىۋېرىدۇ ۋە بۇنىڭدا مەنە چەلكەشلىكى كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن چەت ئەل كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرىنى يېزىشتا مەنە ئەمەس، ئاھاڭ ئاساس قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئىسمى، ئاتا ئىسمى ۋە فامىلە ئارىسىغا قارا چېكىت قويۇلمىسا، بۇلارنى ئاجراتماق مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، 马赫穆德, 依本 . 阿勒胡赛因 . 依本 . 穆罕默德 . 阿勒喀什葛里 (مەھمۇد ئىبنى ئەل ـ ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئەل ـ كاشغەري) (گۇننار ياررىڭ Gunnar Jarrig 贡纳尔 . 雅林) دېمەك، باشقا تىللاردىكى قائىدىنى دوراپلا ئۇيغۇرچىدە چەت ئەل كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرى ئارىسىغا قارا چېكىت قويۇشقا بولمايدۇ.

مەتبۇئاتىمىزدا، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىشتىرىشلىرى ـ كۆرسىتىشلىرىدە يەنە بەزىبىر خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ ئۆز ئىسىملىرى ئايىغىغا «مۇسابايېف، نۇرىيوف، كەرىموف...» دېگەندەك فامىلىلەرنى قوشۇپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى چېلىقتۇرۇپ قالىمىز. مەلۇمكى، بۇنداق فامىلە شەكلىنى قوللانغان كىشىلىرىمىز يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىپ ئورنىغا ئىگە. شۇڭا بۇ جەمەتلەرنىڭ بۈگۈنكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بوغۇملىرى ئۆز فامىلىلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشقا ھەقلىق. لېكىن بۇ خىل فامىلە تىزىمىدا ئەر جىنسلىقلار بىلەن ئايال جىنسلىقلار فامىلىسىنىڭ ئاخىرىدىكى قوشۇمچىلاردا پەرق بارلىقى شۇ كىشىلىرىمىزگىمۇ مەلۇملۇق. ئەگەر ئەر ـ ئايال پەرقلەندۈرۈلمەي ئوخشاشلا «ـ وف / ـ يېف» شەكلىدە قوللىنىلسا، ئۇيغۇرلاردىكى ئەر ـ ئايال ئىسىملىرىنىڭ پەرقى بارلىقىنى بىلمەيدىغان بىر رۇس كىشىسى يۇقىرىدىكىدەك فامىلە قوللانغان خانىم ـ قىزلىرىمىزنى ئەر كىشى دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ. دېمەك، يۇقىرىدىكى فامىلىلىك جەمەتلەرنىڭ ئەر جىنسلىقلىرى «مۇسابايېف، نۇرىيوف، كەرىموف...» دەپ، ئايال جىنسلىقلىرى «مۇسابايېۋا، نۇرىيوۋا، كەرىموۋا...» دەپ قوللانسا تازىمۇ جايىغا چۈشىدۇ.

* * *

پىكىرلىرىمدە باشقا مۇئەللىپلەرنىڭ پىكىرلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلەر بار بولۇشى ئېھتىمال. مەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلە تىزىمى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىمنى ئېنىقراق بايان قىلىش مەقسىتىدە، ئۇلارنىڭ پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قوشۇمچە مۇلاھىزىلەرنىمۇ قىلدىم ۋە مىساللار كەلتۈردۈم. ئۇلارنىڭ كەچۈرۈشلىرىنى سورايمەن.

# ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنـەنـىۋى گـۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، «كۈلكە ـــ جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ ـــ شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئا- دەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا» سەھىپە- سىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر، «چەت ئەل- لىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەق- قىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلە- ھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، باللارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007 ـ يىللىق كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرد- مىزدىن قالغان تەۋەررۇك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى

CN65- 1130\ 1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 ـ 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

فاكس: 0991 ـ 4554015

E- mail: mirasuyghur@ 126. com

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 30.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 5.00 يۈەن.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# فرانسۇزلارنىڭ توي مۇراسىمى



فرانسۇزلارنىڭ توي مۇراسىمى ئەنئەنىۋىلىككىمۇ، ئىختىيارىلىقىمۇ ئىگە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، توي مۇراسىمىغا شەھەر باشلىقى ياكى ئۇنىڭ مۇئاۋىنى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. ئادەتتە ھەپتىنىڭ 2 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ كۈنلىرى تاللىنىپ، ئەتىگەن سائەت 9:00دىن چۈشتىن كېيىن سائەت 5:00كىچە بولغان ئارىلىقتا توي مۇراسىمى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. مۇنداق قىلىشتىن مەقسەت تېخىمۇ كۆپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەرنىڭ توي مۇراسىمىغا قاتنىشىشىغا قۇلايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. يېقىندا بەزىلەر فرانسۇزلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ توي مۇراسىم ئادىتىدىكى پەرقلەر ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ باردى، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، فرانسۇزلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى توي مۇراسىملىرى بىر ـ بىرىدىن كەسكىن پەرق قىلىدۇ.

ئەڭ گەۋدىلىك پەرق شۇكى، خەنزۇلاردا ئەنئەنىۋى توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە تويلۇق پۇل ھەدىيە قىلىدۇ. مەن قاتناشقان تويلارنىڭ ھەممىسىدە ھەممىشە دېگۈدەك ئوغۇل تەرەپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كېلىن تەرەپكە قانچىلىك پۇل بەرگەنلىكى ھەققىدە پاراڭ بولاتتى. بىراق، فرانسىيەدە ئۇنداق ئەمەس، ھېچكىممۇ پۇل ـ پۇچەك توغرىسىدا سۆز ـ چۆچەك قىلمايدۇ. ئەكسىچە، بولغۇسى كېلىن تويدىن بۇرۇن گۈلدەك ياسىنىپ، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدۇ.

فرانسۇز قىزلار ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى توي ئىشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ، كارىۋاتقا سالىدىغان ئەدىيال، چىنە ـ تەخسە، پەتنۇس، لۆڭگە قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا كىرىشىدۇ. ھەتتا توي زىياپىتى خىراجىتىنىڭ ھەممىسىنى ئادەتتە قىز تەرەپ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇڭا فرانسىيەدە «قىز تەرەپنىڭ تويلۇق مېلىنى يەپ سەمرىگۈچىلەر» دېگەن سۆز كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى شاللاق ئوغۇللارنىڭ ئوبيېكت تاللىغاندا ئەتەي باي ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرىنى تاللاپ، توي مۇراسىمىنى ئۆزىنى بېيىتىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنى

سۇپەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

فرانسۇزلار توي مۇراسىملىرىنىڭ خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، تويغا تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلارنىڭ توي سوۋغىسى بېرىش ئۇسۇلى ئىنتايىن ئۆزگىچە. خەنزۇلاردا مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار تويغا جەزمەن شۇ چاغدىكى «نەرقى ناۋا» ئۆلچىمى بويىچە «قىزىل بولاق» ئېلىپ بېرىپ، كۆڭلىنى ئىپادىلىشى كېرەك. مېنىڭ فرانسىيىلىك بىر دوستۇم تەيۋەندە شۇ يەرلىك بىر قىز بىلەن توي قىلدى، توي مۇراسىمى تامامەن خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىگىت ئۆز ئەل ـ ئاغىنىلىرىگە: ــ بىزنىڭ تويىمىز فرانسۇزلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئەمەس، بەلكى خەنزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ، شۇڭا «قىزىل بولاق» ئېلىپ كېلىشكە بولىدۇ، ــ دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى.

ئەمدى فرانسۇزلارنىڭ توي مۇراسىم ئادىتى ھەققىدە سۆز ئاچساق، بولغۇسى كېلىن ھەم كۈيئوغۇللار تويدىن بۇرۇن ئەتراپلىق ئويلىنىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىگە قانداق نەرسىلەرنىڭ لازىم بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئوبدان مەسلىھەت قىلىشىۋالىدۇ، ئاندىن شۇ جايدىكى مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە سودا سارىيى بىلەن توختاملىشىپ، «تەپسىلىي مەلۇمات جەدۋىلى» تەسىس قىلىپ، ئۆزلىرىگە لازىملىق نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۇرغۇزىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ تىزىملىكنى توي باغىقى بىلەن بىرگە چاقىرىلىدىغان مېھمانلارغا ئەۋەتىپ، «بىزنىڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇنقى تەپسىلىي ھېسابات تىزىملىكىمىز پالانى سودا سارىيىدا تۇرغۇزۇلدى» دەپ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇپ قويىدۇ. سىز باغاقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار كۆرسەتكەن سودا سارىيىغا بېرىپ، تىزىملىكنى كۆرۈپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن قايسىسىنىڭ ئېلىنغان، قايسىسىنىڭ ئېلىنمىغانلىقىنى ئېنىقلىيسىز، ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىڭىزغا يارىشا توي قىلىدىغان ئاشۇ قىز ـ يىگىتلەر ئۈچۈن كارىۋاتقا سالىدىغان ئەدىيال ياكى بىللۇر (خرۇستال)، ئىستاكان قاتارلىقلار بولامدۇ، ئەيتاۋۇر بىرەرسىنى تاللاپ سېتىۋالىسىز. شۇنىسى ئېنىقكى، باغاقنى ئالغان ئىكەنسىز، تىزىملىككە ئاساسەن چوقۇم بىر نەرسە سېتىۋېلىپ، كېلىن ـ كۈيئوغۇللارغا سوۋغا قىلىشىڭىز كېرەك!

فرانسۇزلار يەنە توي مۇناسىۋىتى بىلەن مېھمانلاردىن ئازراق بىر نەرسە ئوندۇرۇۋېلىشنىمۇ مەقسەت قىلىدۇ، ئۇسۇلى: كېلىن بولغۇچىنىڭ پايپاق بوغقۇچىسى (ئەمەلىيەتتە ھازىر فرانسۇز خانىم ـ قىزلار پايپاق بوغقۇچ ئىشلىتىش شەرت قىلىنىدىغان ئەنئەنىۋى يىپەك پايپاقلارنى ئاساسەن تارتمايدۇ)نى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش دېگەنلەردەك. بۇ يەردە ئېيتىلغان «كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش»مۇ بەكلا قىزىق: ھەر قېتىم بىرەر ئادەم پۇل چىقىرىپ، باھا قويغىنىدا، كېلىنچەك كىيگەن كۆڭلەكنىڭ پېشىنى تاكى ئۆزى باھا قويغان پايپاق بوغقۇچ كۆرۈنگىچە ئېگىز كۆتۈرۈۋېرىدۇ!

مۇھەممەد ئىمىن ۋاھىت تەرجىمىسى

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ


ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدا ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، خەلق ناخشىلىرى، مۇقام، خەلق ئويۇنلىرى، مەشرەپلىرى، قول ھۈنەر ـ سەنئەت، دىنىي ئېتىقادىغا ئائىت ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۇنۋان باھالاشتا ئېتىراپقا ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئاپتورلارنىڭ بىز بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ (0991)

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# تاختىمۇشۇك



بىر چاشقان ئۇۋىسىدىن چىقىۋېتىپ دېھقان ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بىر نەرسىنى تام تۈۋىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. چاشقان زەن سېلىپ قارىسا ئەسلىدە ئۇ تاختىمۇشۇك ئىكەن. چاشقان بەك قورقۇپ كېتىپتۇ ـ دە هويلىغا ئوقتەك يۈگۈرۈپ چىقىپ:

ــ بۇ ئۆيدە تاختىمۇشۇك بار، بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە تاختىمۇشۇك بار،ــ دەپ كۆپچىلىكنى ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

توخۇ «قو...قو...قو...» قىلىپ، يەردە چېچىلىپ ياتقان دانلارنى چوقۇپ يەۋېتىپ، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن:

ــ كەچۈرۈڭ چاشقان، بۇ خېيىمخەتەر بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم، يا ئۇنىڭ ماڭا مۇناسىۋىتى بولمىسا بۇنداق ئىشلارغا كاللا قاتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق،ــ دەپتۇ.

چاشقان قوينىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

ــ بۇ ئۆيدىكى تاختىمۇشۇكتىن ھەزەر ئەيلەڭ جۇمۇ، ـ دەپتۇ.

ــ مە، مە، نېمە؟ نېمە؟ ھەي چاشقان،ــ دەپتۇ قوي ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ:ــ دۇئا ـ تىلاۋەتتىن باشقىغا زېھنىمنى زايە قىلغۇم يوق. مەن سىز ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ قوياي ـ دەپتۇ.

چاشقان كالىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. كالا: ــ مۆ، مۆ، ھەي چاشقان تاختىمۇشۇك ماڭا قانداقمۇ خېيىمخەتەر كەلتۈرەلىسۇن، مۆ؟... ـ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چاشقاننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ھەسرەتلىنىپ ئۇۋىسىغا قايتىپتۇ ۋە دېھقاننىڭ تاختىمۇشۇك قويۇپ قويغانلىقىدىن بەك قايغۇرۇپتۇ.

شۇ كۈنى كېچىدە تاختىمۇشۇكتىن «پاق» قىلىپ ئاۋاز چىقىپتۇ. دېھقاننىڭ ئايالى تاختىمۇشۇككە چاشقان چۈشتى دەپ ئالدىراپ ـ تېنەپ يېتىپ كەپتۇ. قاراڭغۇدا تاختىمۇشۇكنىڭ چاشقاننى ئەمەس، بەلكى بىر زەھەرلىك يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى باسقانلىقىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئاقىۋەتتە يىلان دېھقاننىڭ ئايالىنى چېقىۋاپتۇ.

دېھقان ئايالىنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ، دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن دېھقاننىڭ ئايالىنىڭ قىزىتمىسى يەنە ئۆرلەپ قاپتۇ. كىشىلەر يېڭى توخۇ شورپىسىنىڭ قىزىتمىنى ياندۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ دېھقان توخۇنى ئۆلتۈرۈپ شورپا قىپتۇ. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئەھۋالى يەنىلا ياخشىلانماپتۇ. قولۇم ـ قوشنا ۋە دوست ـ يارەنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ ئايالىنى يوقلاپ كەپتۇ. ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن دېھقان قوينى سويۇپتۇ.

دېھقاننىڭ ئايالىنىڭ كېسىلى ياخشىلانماي ئۆلۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقان كالىسىنى سويۇپ ئايالىنىڭ نەزىرسىنى بېرىپتۇ.

«مكرو ھېكايىلەردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 24 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇللا روزىمۇھەممەد**

(تەرجىمان: قاراقاش ناھىيىلىك ئىنتىپاق كومىتېتىدا)

# گىتلېرنىڭ ھايات ـ ماماتلىق سىرى

1945 ـ يىلى ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر مەزگىل جاھانغا پاتماي كۆرەڭلەپ كەتكەن گىتلېر تولىمۇ سوغۇق ھەم كۆڭۈلسىز كەيپىيات ئىچىدە ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈن خاتىرە مەرىكىسىنى ۋە توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئائىت خەۋەرلەر گويا سۇغا چۆككەن تاشتەك جىممىدە يوقاپ كەتتى.

ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر، گىتلېر قېچىپ كەتكەن، بېرلىن بىر پارچە ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇ ئايروپىلان بىلەن يا بافالىيىگە، يا بولمىسا باشقا جايلارغا قېچىپ بېرىۋالغان، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ھەتتا گىتلېرنىڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلىشىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارغا قارىغاندا، يەنە بەزى كىشىلەر، گىتلېرنىڭ بېرلىن قولدىن كېتىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئايال ئۇچقۇچى لەي چى ھەيدىگەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ قاچقانلىقىغا دائىر ئىسپاتلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ «ئۆلۈۋېلىشى»نىڭ باشقىلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن پەيدا قىلىنغان ساختا كۆرۈنۈش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشىدۇ. يەنە تېخى گىتلېرنىڭ يەر ئاستى يول ئارقىلىق بېرلىندىن قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكىگە دائىر مىش ـ مىش گەپلەرمۇ بار. يەنە بەزىلەر بولسا، گىتلېر «ھۇجۇم قىلىپ يىمىرگىلى بولمايدىغان» جەنۇبىي دېلوربورگ قەلئەسىگە يوشۇرۇنۇۋالغان، دەپمۇ قارايدۇ.

قولغا چۈشۈرۈلگەن ھۆججەتلەردە يەنە مۇنداق مەزمۇندىكى خاتىرىلەرمۇ بار: ئىتتىپاقداش ئارمىيە قوشۇنلىرى بېرلىنگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى گىتلېرنىڭ بىر بۆلۈك ئورگانلىرى بىلەن بىر تۈركۈم ئالاقە ـ ھۆججەتلىرى ئۇنىڭ كاتىپى ھەم خۇسۇسىي دوختۇرى مولېر قاتارلىقلار تەرىپىدىن شېستىگاردېنغا يۆتكىۋېتىلگەن. گىتلېرنىڭ شۇ مەزگىلدىكى كېسەللىك ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇ خۇسۇسىي دوختۇرى تەييارلاپ بېرىدىغان كۈچلۈك غىدىقلاش خاراكتېرىدىكى دورىلارنى ئىستېمال قىلىدىغان بولۇپ، بۇ دورىلارنى توختىتىپ قويۇشقا ئەسلا بولمايدىكەن. يەنە بىر گۇمانلىق نۇقتا شۇكى، گىتلېرنىڭ دېتسنى شىمالىي فرونت ھەربىي ئىشلار باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدىكى ھۆججەت بار. ئەمما ئۇ جەنۇبىي فرونت قوماندانلىق ئورنىغا ھېچكىمنى باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىمىگەن؛ مانا بۇ، گىتلېرنىڭ ئاشۇ ئورۇندىكى مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، جەنۇب تەرەپتە قايتا باش كۆتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان پاكىت ئەمەسمۇ؟ كېيىنكى تەكشۈرۈشلەردە بۇنىڭغا ئائىت ئۇچۇرلارنىڭ سىزىلمىسىلىكى ئاشۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ ئاللىبۇرۇن مۇقىملىشىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەمدۇ ـ قانداق؟ مۇبادا بۇنى ئىتتىپاقداش ئارمىيە قوشۇنلىرى بېرلىنگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى گىتلېرنىڭ جەنۇبقا قېچىپ كەتكەنلىكىنىڭ پاكىتى دەپ قارىساق، ئۇنداقتا گىتلېرنىڭ بېرلىندا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى بىرخىل قالايمىقان بىلجىرلاش بولۇپ چىقىدۇ.

باۋمەنگە ئالاقىدار ھۆججەتلەر ئىچىدە مۇنداق بىر مەزمۇندىكى تېلېگراممىا ساقلانغان بولۇپ، ئۇ ھەققەتەنمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ:

45، 4، 22، يۇقىرى سارسبورگ مەيكېر:

تىنچ ئوكياننىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ بېرىشىڭلارغا قوشۇلىمەن.

پۈتۈن مەملىكەتلىك باش رايون باشلىقى باۋمەن.

بۇ، باۋمەننىڭ گېرمانىيە چېگرىسىدىن تولىمۇ يىراقتىكى بىر جايغا گىتلېر قاتارلىقلارنىڭ قېچىپ يوشۇرۇنۇشىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنىڭ بىر پاكىتى بولالايدۇ؛ چۈنكى، كېيىنكى پاكىتلارنىڭ ئىسپاتلىشىدىن قارىغاندىمۇ زور بىر تۈركۈم ناتسىست ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى جەنۇبىي ئامېرىكىنى ئۆزلىرىنى يوشۇرىدىغان پاناھگاھ دەپ قارىغان. دېمەك، «فىيورېر (دۆلەت باشلىقى) گىتلېر» نىمۇ جەنۇبىي ئامېرىكىنى يوشۇرۇنۇش جايى قىلىپ تاللىغان دېيىشكە بولامدۇ ـ قانداق؟

بەزىلەر «تەقى ـ تۇرقى گىتلېرگە تامامەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىككى ئادەم بولغان» دېگەن سەۋەبنى

كۆتۈرۈپ چىقىپ، گىتلېر «كۆز بوياپ قۇتۇلۇش» ھىيىلىسىنى ئىشقا سالغان، شۇڭا ئۇنىڭ بېرلىندا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ھەرگىز ئەقىلگە سىغمايدۇ، دېگەن گۇمانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ھەقتىكى يەكۈنلەرنى ئىنكار قىلىشىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى ھەتتا بىر نەچچە داڭلىق فوتوگراف گىتلېرنىڭ تېخىچە ھايات ئەكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان فوتو سۈرەتلەرنى ئېلان قىلغان. كىشىنى قاتتىق ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ فوتو سۈرەتلەر تونۇشتۇرۇلغان ھۆججەتلىك كىنودىكى «گىتلېر» دېگەن خەتنىڭ چوڭايتىلىشىغا ئەگىشىپ كۆرستىلىدىغان سۈرەتلەر چۈشەندۈرۈشىدە «گىتلېر ھازىرمۇ يەنىلا خاتىرجەم ھالدا كىشىلەرنى ئېزىقتۇرۇپ كەلمەكتە» دېيىلگەن؛ بۇ خەۋەر پۈتۈن دۇنيا گېزىت ـ ژۇرنال ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى.

ئەلۋەتتە، مۇتلەق زور كۆپچىلىك كىشىلەر گىتلېر 1945 ـ يىلى 30 ـ ئاپرېل بېرلىن قولدىن كېتىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئۇنىڭ جەسىتى بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، دەپ قارايدۇ. ئەمما، گىتلېرنىڭ قانداق ئۇسۇلدا ئۆلۈۋالغانلىقى توغرىسىدا خىلمۇخىل مۇلاھىزىلەردە بولۇشىدۇ.

گىتلېرنىڭ جەسىتى ھەققىدىكى ئاناتومىيىلىك دوكلاتتا: «جەسەت كۆيۈپ كەتكەن بولغاچقا، قانداق زەخمە ياكى قانداق كېسەل بىلەن ئۆلگەنلىكىگە ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ.»، «نېپىز ئەينەك ۋارونكىنىڭ سۇنۇقلىرى ۋە ۋارونكا تېگىنىڭ چېقىلغان پارچىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئاغزىدا تۇراتتى» دېگەندەك باشقىچە بىر قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

تەپسىلىي تەتقىق قىلىش ئاساسىدىكى دوكلاتتىن چىقىرىلغان خۇلاسىدە: «ئوكسىدلاشقان كالىي بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلگەن» دېيىلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە قوشۇمچە پاكىت ئورنىدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان مۇنداق ئىككى خىل ماتېرىيالمۇ بار. بىرى، 30 ـ ئاپرېل چۈشتىن كېيىنكى ئۈچتىن ـ تۆتكىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى گىتلېر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان چاغدا، ئوكسىدلاشقان كالىيدىن چىققان ئاچچىق بادام مېغىزى پۇرىقى پۈتۈن يەر ئاستى ئۆيىنى قاپلاپ كەتكەن؛ يەنە بىرى، 29 ـ ئاپرېلدىن 30 ـ ئاپرېل كېچىگىچە بولغان ئارىلىقتا گىتلېر زۇڭتىمەھكىمىسى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور خازىلغا ئىنچىكە كىچىك ئەينەك قۇتا قاچىلانغان ئۈچ دانە مىشەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ كىچىك قۇتىلارغا خاس دوختۇرۇمدىن سوراپ ئالغان زەھەر قاچىلاقلىق، ئۇ تېز سۈرئەتتە ئادەمنىڭ جېنىنى ئالالايدۇ» دېگەن. گىتلېر خازىلنى بۇيرۇپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئاپشاركىغا بۇ دورىنى يېگۈزۈپ، ئۇنىڭ زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنى نەق مەيداندا سىناق قىلدۇرغان.

گىتلېرنىڭ خاس قوغدىغۇچىسى لىنگىل تەمىنلىگەن ئۇچۇردىن قارىغاندا، «گىتلېر 7.66 كالىبىرلىق تاپانچا بىلەن ئۆلۈك تەرىپىدىكى قۇياش پەللىسىگە ئۇدۇللاپ ئوق ئۈزگەن. بۇ تاپانچا بىلەن 6.35 كالىبىرلىق تاپانچا ئوق چىقىشى بىلەن تەڭلا سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن». گىتلېرنىڭ بېشى سىڭايان بولۇپ، تام تەرەپكە قىيسىيىپ قالغان. سافانىڭ ئاستىدىكى گىلەملەرنىڭ چۆرىسى قىپقىزىل قانغا بويالغان. لىنگىل ئۆز قولى بىلەن جەسەتنى گىلەمگە ئوراپ، ئۈستىگە بېنزىن چېچىپ ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن.

گىتلېر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان چاغدا، ئوق ئاۋازى ئاڭلانغانمۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا يەنە ھەر خىل ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. گىتلېرنى تاپانچا ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، دەپ قارىغۇچىلار ئەلۋەتتە ئوق ئاۋازى ئاڭلانغان، دەيدۇ؛ ئەمما، گىتلېرنى ئوكسىدلاشقان كالىي سۇيۇقلۇقىنى ئىچىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان دېگۈچىلەر بولسا، ئوق ئېتىلغان دېگەن قاراشتىن گۇمانلىنىدۇ. بەزىلەر، ئۇ چاغدا ھېچقانداق ئوق ئاۋازى ئاڭلانمىغان، بۇ، سىر تىتىكلەرنىڭ پەرىزى،دەيدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا، ئەينى چاغدا گىتلېر بىلەن بىر جايدا تۇرغان مۇھاپىزەتچىلەر، بۇيرۇق يەتكۈزگۈچىلەر، ئايال كاتىپلارنىڭ ھەممىسى ئوق ئېتىلغانلىقىغا ئىسپات بېرەلەيدۇ، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئوق چىقارغۇچى گىتلېر بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ خاس قوغدىغۇچىسى لىنگىل ئىكەن. گىتلېر خۇسۇسىي مۇھاپىزەتچىلىرى ئەترىتىنىڭ باشلىقى لادىنشۇنىڭ تەمىنلىگەن تۆۋەندىكى بايانلارمۇ بۇ خىل پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ

پەرىزىگە ئاساس بولغان. «گىتلېر خېلى بىر مەزگىل ئۆزىگە ئوكۇل سالدۇرۇپ يۈرگەن بولغاچقا، زەھەرلىك دورىنىڭ ئۆزىگە تېز تەسىر قىلىشىدىن گۇمانلانغان. شۇڭا، ئۆلىنگىلغا بۇيرۇق قىلىپ، زەھەرلىك دورىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە قارىتىپ ئوق چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان. لىنگىل بۇيرۇققا ئاساسەن گىتلېرغا قارىتىپ ئوق ئاتقان...».

گىتلېرنىڭ جەستى ھەققىدىكى قاراشلاردىمۇ زىددىيەتلىك تەرەپلەر خېلىلا كۆپ. سوۋېتلىكلەر، گىتلېرنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن جەستىنى بىز تېپىۋالغان، دېيىشىدۇ. 1945 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان ئۇلتىماتۇمدا يېزىلىشىچە، «سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ يەتتە نەپەر ئوفىتسېر ئەسكىرى بېرلىن شەھرىدىكى گىتلېر زۇڭلى مەھكىمىسى رايونى ئەتراپىدىكى ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش خەندىكى يېنىدىن، گېففر ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ جەستى ساقلانغان جايدىن خېلىلا يىراقلىقتا بىر نەپەر ئەر بىلەن بىر نەپەر ئايالنىڭ كۆيۈپ كەتكەن جەستىنى بايقىغان ۋە ئۇلارنى يىغىۋالغان»؛ «ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ جەسەتلەرنىڭ بىرسىنىڭ گىتلېرنىڭ جەستى ئىكەنلىكى، يەنە بىرسىنىڭ ئېۋا. تۇرانتنىڭ جەستى ئىكەنلىكى مۇقىملاشتۇرۇلغان». يەنە بىر تەرەپنىڭ ئىسپاتىغا قارىغاندا، ھېلىقى جەسەتلەر ئىككى ئىت بىلەن ئوخشاش بىر خەندەككە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئىتلار گىتلېرنىڭ شەخسىي ئىتلىرى ئىكەن». بۇنىڭدىن باشقا گىتلېرنىڭ چىشى ھەققىدىكى باھالاپ بېكىتىش پىكرىمۇ نىسبەتەن قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە؛ چۈنكى، دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ چىشلىرى بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. سوۋېتلىكلەر گىتلېرنىڭ چىش دوختۇرى پروفېسسور بۇلارىسكىينىڭ ياردەمچىسى ھونتېرماننى ئىزدەپ تاپىدۇ. ھونتېرمان گىتلېرنىڭ رېنتگېندا تارتىلغان چىش سۈرىتىنى ۋە ئۇ تېخىچە ئىشلەتمىگەن بىر يۈرۈش ئالتۇن چىشلارنى كۆرۈپ: «گىتلېرنىڭ ئۈستۈنكى بىر رەت چىشى راست چىش، سول تەرەپتىكى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان بىرىنچى چىشى ئۇنىڭ قالغان يالغان چىشلىرىنى تۇتۇپ تىرەپ تۇرغان...» دېگەن يەكۈننى چىقارغان. بۇ يەكۈن ئاساسىي جەھەتتىن گىتلېرنىڭ چىش ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. تەپسىلىي سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا «ئىشلىتىلمىگەن ھېلىقى ئالتۇن چىش ھەقىقەتەنمۇ گىتلېرنىڭ چىشى» دەپ قارالغان.

گىتلېر بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن بەزى كىشىلەر، مەسىلەن، ئۇنىڭ ئاپشاركىلىرىنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل خادىم تورنېف، خاس ئاشپىزى گىرىل قاتارلىقلار بىردەك: «فيۇرېر ئۆلدى، ئەمما ئۇ جەستىنى قالدۇرمىدى» دەيدۇ. گىتلېرنىڭ جەستىنى كۆيدۈرۈشكە ئىشتىراك قىلغان لىنگىل بولسا «گىتلېر سائەت 15:30دا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ جەستىنى كېپەنلەپ گۈللۈككە ئېلىپ باردىم. ئاندىن ئۈستىگە بېنزىن چېچىپ كۆيدۈردۈم. سائەت 19:50 كىچە جەسەت يەنىلا كۆيۈۋاتاتتى. كېيىن كۆيۈۋاتقان جەسەتكە قاراشقا پەقەت رايىم بارمىدى» دەيدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ۋاقىت ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلىنىپ، شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، گىتلېرنىڭ جەستى تامامەن كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەن.

يەنە بەزىلەر گىتلېرنىڭ جەستى «پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىلگەن»، جەسەت كۈلىنى گىتلېرچى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ كاتىپبېشى ھاككىسمان ئېلىپ كەتكەن، دەپ قارايدۇ.

ئەنگلىيە تارىخشۇناسى تېلىيۇۋر. رۇبېرت: «گىتلېرنىڭ جەستى ئاخىر ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە مەخپىي ھالدا ئىتالىيىنىڭ بۇچىتۇ دەرياسى بويىغا ئېلىپ بېرىلىپ دەپنە قىلىنغان. پۈتۈن ئىنسانىيەتنى خانىۋەيران قىلغۇچى ئەنە شۇنداق ھالدا ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن مەڭگۈگە ئايرىلدى» دەيدۇ.

ئاجايىپ ـ غارايىپ ئۇچۇرلار، مىش ـ مىش گەپلەر ناھايىتىمۇ كۆپ، زىددىيەتلىك قاراشلارمۇ ناھايىتى كۆپ، ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىپ، ئېنىق يەكۈن چىقىرىلىدىغان كۈنلەر زادى قاچان كېلەر؟ گىتلېرنىڭ سادىق ئەگەشكۈچىلىرى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى زادى قاچان ئالەمگە ئاشكارىلار؟ مەڭگۈلۈك ئىزدىنىشكە سەۋەبچى بولۇۋاتقان بۇ تېمىنىڭ تەقدىرى يېشىلمەس بولۇپ بېكىتىلگەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ جاۋابىنى دۇنيا تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە.

«ئىلىم ـ پەن» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق قوشۇمچە سانى «دۇنيادىكى ئېچىلمىغان سىرلار» ناملىق توپلامدىن:

مۇھەممەدئىمىن ۋاھىت تەرجىمىسى



# ميۋە قۇرۇتۇش

بۇمەريەم شېرىپ خۇشتار



يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان شىنجاڭ مېۋە ـ چېۋە ماكانى دېگەن نامى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق، ھەتتا ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنى قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم، گۈلە، قاق، جىگدە، ياڭاق، بادام، چىلان، ئەينۇلا، قارىئۆرۈك، پىستە، ئەنجۈر، قوغۇن قېقى، مېغىز ۋە ھەرخىل خورمىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلاردا مېۋە تۈرى كۆپ. ئۇلارنى قۇرۇتۇش ئۇسۇلمۇ مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر باغۋەنلىرى ئادەتتىكى ئۆرۈك ۋە شاپتۇلنى كاۋاكشىغان مەزگىلدە ئۈزۈپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتىدۇ. ئۆرۈكتىن قاق (گۈلە) تەييارلاش ئۇسۇللىرى خىلمۇخىل بولۇپ، سۈپەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. 1 ـ دەرىجىلىك خوۋەينى ئۆرۈكنى مەي باغلاش ئالدىدا قېقىۋېلىپ ئۇنى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا كۈنگە كۆرسەتمەي، نەم تەگكۈزمەي قۇرۇتىدۇ. بۇ خىل گۈلە سۈزۈك، قارامتۇل، گۆشلۈك قۇرۇيدۇ. قۇرۇش جەريانىدا شىرنە باغلايدۇ ياكى باشقا سورتتىكى ئۆرۈكلەرنى مەي باغلاش ئالدىدا قېقىۋېلىپ شور تۇزنى قايىنتىپ سوۋۇتۇپ چويلا بىلەن تۇزغا سېلىپ بورىغا يېيىپ قۇرۇتىدۇ. بۇ خىل گۈلگە چىۋىن قونمايدۇ. قۇرۇتۇلغان گۈلە قاچىسىغا شور تۇزنى چوقۇپ سېلىپ قويىدۇ.

گۈلىدىن باشقا ئۆرۈك خورمىسى تەييارلاش ئۇيغۇر باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىدە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇ ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئىچىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۆرۈك خورمىسىنىڭ تۈرى كۆپ خىل بولۇپ، ئاساسەن مېغىزلىق خورما، مېغىزسىز خورما، ئىسلانغان خورما، ئىسلانمىغان خورما دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئۆرۈك شىرنە يىغىشتىن ئىلگىرى قېقىۋېلىنىپ سىۋەت بىلەن يۇيۇپ سۈيى ساقىپ بولغاندىن كېيىن بورا ئۈستىگە تەكشى يېيىلىدۇ. ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئاپتاپتا تۇرغاندىن كېيىن، سولىشىپ مەي باغلىغاندا ئۇنىڭ ئۇشكىسى ئاجرىتىۋېلىنىپ قول بىلەن يۇملاقلاپ يەنە بورا ئۈستىگە تىزىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە بىر تالدىن مېغىز سېلىپ قۇرۇتۇلسا مېغىزلىق خورما بولىدۇ. بۇنداق خورما توق جىگەررەڭ بولۇپ، تەمى شېرىن، تەبىئىتى ئىسسىق بولىدۇ. مېغىزلىق خورمىنىڭ قىممىتى مېغىزسىز خورمىغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. ئىسلانغان خورما قۇرۇتۇش مۇنداق بولىدۇ: ئالدى بىلەن قۇرۇتۇش خۇمدانى ياسىلىدۇ. خۇمدان ئوتتۇرىسىغا قازان ئېسىپ قويۇلىدۇ. يۇيۇپ قۇرۇتۇلغان ئۆرۈكنى سىۋەت بىلەن يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە تىزىلغان تاختاي ئۈستىگە دەستىلەپ تىزىلىدۇ. بىر خۇمدانغا 30 ـ 40 سىۋەت، ھەر بىر سىۋەتتە 40 ـ 50 كىلوگرامغىچە ئۆرۈك بولىدۇ. سىۋەت تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن 800 گرام ئەتراپىدا گۈڭگۈرت پوقىنى خۇمداندىكى قازانغا سېلىپ، خۇمدان ئىشىكىنى شامال كىرمەيدىغان قىلىپ ھىم ئېتىپ لاي بىلەن سۇۋاپ، خۇمدان ئاستىدىن ئوت يېقىلىدۇ. قازان قىزىپ گۈڭگۈرت پوقى ئىس چىقىرىدۇ. گۈڭگۈرت پوقى بىر سوتكىدا كۆيۈپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىسىدا ئۆرۈكلەر ئىسلىنىپ سارغىيىدۇ. بىر سوتكىدىن كېيىن خۇمداننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ سىۋەتتىكى ئىسلانغان ئۆرۈكلەر كۈن چۈشۈپ تۇرىدىغان مەيدانغا سېلىنغان بورا ئۈستىگە تەكشى يېيىلىدۇ. ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئاپتاپتا تۇرغاندىن كېيىن ئۇشكىسى ئېلىۋېتىلىپ تەڭگىسىمان قىلىنغان خورما قۇرۇپ سارغىيىدۇ. بۇنداق خورما رەڭدار ۋە سۈپەتلىك بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل، تەبىئىتى مۆتىدىل بولىدۇ.

شاپتۇل قېقى تەييارلاشمۇ ئىسلانمىغان ئۆرۈك خورمىسى تەييارلاشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. شاپتۇل قېقىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، ئىسسىق تۇتۇپ قالغان كىشىلەر ئۇنى يېسە ياكى قايىنتىپ سۈيىنى ئىچسە داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار قوغۇن، ئەنجۈر، قارىئۆرۈك، ئۈزۈم، ئەينۇلا، چىلان، ئۈجمە قاتارلىق ھەرخىل مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭدىن قاق تەييارلايدۇ. قۇرۇق يېمىش شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت تاۋارلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن.




بازاردا



پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەھمۇد چايلىرى







**مەھمۇد چايلىرى** دۇبەي ئالتۇن كايا گۇرۇھى سىرىلانكىدىن چاي خام ماتېرىياللىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ئۇنى زامانىۋى ئىلغار يەن-تېخنىكا ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەپ، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە سۇنغان ئېسىل سوۋغىسىدۇر. مەزكۇر چاي ھازىر 70 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندا سېتىلماقتا.

25 يىللىق تارىخقا ئىگە مەھمۇد چايلىرى خۇشپۇراق ھەم ئۆزگىچە ئېسىل تەمى بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

شىنجاڭ سابا خەلقئارالىق سودا چەكلىك شىركىتى مەھمۇد چايلىرىنىڭ جۇڭگودىكى باش ۋەكالەتچىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ چاينى ئىستېمال قىلىش ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. مەھمۇد چايلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مېۋە تەملىك چايلاردىن-ئالما، ئاپېلسىن، شاپتۇل، گىلاس، قارىقات، بۆلجۈرگەن، ئۈزۈم تەملىكلىرى؛ ئىسسىقلىق دورىلىق چايلاردىن-لاچىندانە، كېنەز چايلىرى يەنە ئەتكەن چايغا باب كېلىدىغان-قىزىل چاي قاتارلىقلار بار. مەھمۇد چايلىرى تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق بولغان ماددىلار بولۇپ، ۋىتامىننى تولۇقلاش، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەمدە مەھمۇد چايلىرى ئېسىل سوۋغات بولۇپلا قالماي يەنە سەپەردە ئىستېمال قىلىشقىمۇ قۇلايلىق. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدە ۋەكالەتەن سېتىش ئورۇنلىرى بار. سىزنىڭ تاللاپ سېتىۋېلىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

**شىنجاڭ سابا خەلقئارالىق سودا چەكلىك شىركىتى**

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شىنخۇا شىمالىي يولى 108 - نومۇر قىزىلتاغ بېكى ئەسىر بىناسى 34 - قەۋەت تېلېفون 0991 8888827